دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

# جېففېرسون

Thomas Jefferson

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئۆگەن كىتابچىلىقى
خەتتات: ئابلىكىمجان زۇنۇن جەۋلانى

دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

جېففېرسون

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ISBN 978-7-5469-8340-0
9 787546 983400 >
定价: 20.00元

بۈيۈكلەردىن ئۆگىنىپ، بۈيۈكلەردىن بولايلى

— يېڭى ئەسىردىكى ياشلار - ئۆسمۈرلەرگە تەقدىم



دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر



*Thomas Jefferson*

# جېففېرسون

تۈزگۈچى: جاك يۇكۇن
تەرجىمە قىلغۇچى: ئوسمان قاۋۇل

شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

بۇ كىتاب خەيتيەن نەشرىياتىنىڭ 1997 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据海天出版社1997年10月第1版,第1次印刷出版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** ئەركىن ئىبراھىم پەيدا
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** دىلنۇر ئابدۇراخمان
**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئۆگەن كىتابچىلىقى
**قايتا تەكشۈرگۈچى:** تۇرغۇن تۇنىياز
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

# دۇنيا تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەر

## جېففېرسون

**تۈزگۈچىلەر:** جاك يۇكۇن
**تەرجىمە قىلغۇچى:** ئوسمان قاۋۇل

---

**نەشرىيات:** شىنجاڭ مەدەنىيەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى
پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** شىنجاڭ ئۆگەن كىتاب تارقىتىش چەكلىك شىركىتى
**زاۋۇت:** شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 5.25
**نەشرى:** 2016 ـ يىلى 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2016 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978-7-5469-8340-0
**باھاسى:** 20.00 يۈەن



ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىدىيەۋى پائالىيىتىنىڭ پادىشاھ، مىسسىيونېر ۋە ئاقسۆڭەك-لەرگە مەنسۇپ بولۇشتىن، ئەقلىي ئۆلچەم ئارقىلىق بەرپا قىلىنغانغىچە بولغان جەريانىنى كۆرۈش كىشىنى چوڭقۇر شادلاندۇرىدۇ؛ بىز بىر قانۇن تۈزۈشكە مۇيەس-سەر بولدۇق ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئەقىلنى ئاساس قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتىپ بەردۇق.

تەڭرى ئالدىدا قەسەم بېرىمەنكى، مەن ئادەمگە قارىتىلغان ھەرقانداق شەكىلدىكى مۇستەبىتلىككە ئاخىرغىچە قارشى تۇرىمەن.

**— توماس جېففېرسون**

# كىرىش سۆز

ئۇلۇغ ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ ئىسىم ـ شەرىپىنى ئىنسانىيەت يىلنامىسىنىڭ خاتىرە تېمىغا مەڭگۈلۈك نەقىشلەيدۇ. جېففېرسون ئامېرىكا خەلقى تەرىپىدىن ئەۋلادمۇئەۋلاد ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان قەھرىمان بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ دۆلەت بولۇپ قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلىدىكى دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ باش لايىھەلىگۈچىسىدۇر.

«بىلىم — كۈچ، بىلىم — ئەمىنلىك، بىلىم — بەخت دېمەكتۇر.» مانا بۇ جېففېرسوننىڭ ياشاش ئېتىقادى ۋە ئىنتىلىشى ئىدى. ئۇ ئامېرىكا دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ، مەرىپەت ھەرىكىتىنىڭ ئەزاسى ئىدى. جېففېرسون ئۆزىنىڭ چوڭقۇر بىلىمى، كەڭ دائىرىلىك قىزىقىشى ۋە شانلىق نەتىجىلىرى بىلەن ئامېرىكىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتكەن. ئۇ ئاساس سالغان «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئۇنىڭ ئىدىيەۋى مۇۋەپپەقىيىتىنىڭ ئەڭ يارقىن ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئامېرىكىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك زوڭتۇڭى، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ تۈزگۈچىلىرىدىن بىرى بولغان توماس جېففېرسون، پۈتۈن ھاياتىدا ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىدراكىنى تەبىئەتكە ھەمدە

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە تەتبىقلاشقا قەتئىي ئىشىنىدۇ، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر ئەقلىي بىلىش بىلەن تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئېتىقاد قىلىدۇ.

توماس جېففېرسون 1743 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ غەربىدىكى چاردۇل دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى پېتر جېففېرسون قان ـ تەرى بەدىلىگە بىر پارچە قىزىل تۇپراقنى ئېچىپ، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن 1000 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىننىڭ غوجايىنى بولۇپ قالىدۇ. ئىلىمخۇمار، ئىنتىلىشچان توماس جېففېرسون 17 ياشقا توشماي تۇرۇپلا ۋىلىيامسبۇرگتىكى ۋىلىيام ـ مارى ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ قۇرامىغا يېتىشىدىكى بىر قېتىملىق مۇھىم بۇرۇلۇش ئىدى. «بۇ ھاياتىمدىكى بىر ئامەت بولۇپ، تەقدىرىمنى بېكىتىشتە ئۆتكەن بولسا كېرەك» دەيدۇ ئۇ. ۋىلىيام سىمول دوكتور بىلىمى چوڭقۇر ماتېماتىكا پىروفېسسورى بولۇپ، بىلىمگە تەشنا، تارتىنماستىن سوئال سورايدىغان جېففېرسوننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ھەمىشە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشاتتى. ئۇنىڭغا ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت توغرىسىدا نۇرغۇن بىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئۇزاق مۇددەتلىك بىلىم ئېلىش ۋە سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، جېففېرسوننىڭ بىلىم دائىرىسى كېڭىيىپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇنلىغان ناتونۇش ساھەلەرنى بىلىشكە باشلىدى. بىلىمنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى بېشىدىن ئېشىپ ئۆتمىگەن بۇ ئىستۇدېنتنىڭ نەزەر دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتتى. سىمول دوكتور ئۆزى ياقتۇرىدىغان بۇ ئوقۇغۇچىسىنى قانۇن بىلىملىرىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئىنستىتۇتنىڭ قانۇن پىروفېسسورى جورجى ۋېس دوكتورغا تونۇشتۇرۇپ قويدى.

ياش توماس جېففېرسون ئاخىرىدا ئادۋوكات بولۇش

غايىسىدىن ۋاز كەچتى. ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ قانۇن جەھەتتىكى ئىقتىدارىنى ئۆزى بىرمەھەل يامان كۆرگەن سىياسىيغا ئۆزگەرتتى. ئۇ ئامېرىكىدا سىياسىيسى ئېنىق، خەلق ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيەدىن تولۇق بەھرىمەن بولالايدىغان، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان بىر جەمئىيەت قۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ، سىياسىي جېففېرسوننىڭ پۈتكۈل هاياتلىق مۇساپىسىگە ھەمراھ بولدى.

25 ياشلىق جېففېرسون رىقابەت ئارقىلىق ئامېرىكا ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. ئەنگلىيە مۇستەملىكىسىنىڭ ئۇزۇكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ دەھشەتلىك باستۇرۇشى سەۋەبىدىن، مۇستەملىكە بىلەن بۈيۈك ئەنگلىيە ئىمپېرىيەسىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى جىددىيلىشىپ كېتىدۇ. 1773 ـ يىلى مەشھۇر چاي ۋەقەسى پارتلاپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى بوستون پورتىنى قامال قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇ چاغدا جېففېرسون ۋە بىر قىسىم پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ غەزىپى تېشىپ، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە «ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا» دوكلاتىنى تۈزۈپ چىقتى. ئەينى ۋاقىتتا ئېنىق ھالدا ئەنگلىيەگە قارشى تۇرۇش تۇسىنى ئالغان بۇ دوكلات پۈتكۈل ئامېرىكىنى لەرزىگە سالغانىدى. كېيىنكىلەر بۇ ھەقتە توختىلىپ: «‹ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا› — ئامېرىكىنىڭ ‹مۇستەقىللىق خىتابنامىسى›نىڭ دەسلەپكى سادادىسىدۇر» دېيىشكەنىدى.

1779 ـ يىلى جېففېرسون ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ ئىشتات باشلىقلىقىغا سايلاندى. جېففېرسون 47 ياشقا كىرگەن يىلى زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتون ئۇنى ئامېرىكىنىڭ تۇنجى دۆلەت ئىشلىرى

كاتىپلىقىغا تەيىنلىدى. جېففېرسوننىڭ سىياسىي نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغانلىقتىن، پۈتۈن ئامېرىكىدىكى ئىناۋىتى كۈنسايىن ئاشتى. 1800 ـ يىلىدىكى ئامېرىكىنىڭ زۇڭتۇڭ سايلام رىقابىتىدە جېففېرسون مەملىكەت بويىچە 10 ئىشتاتتىكى سايلىغۇچىلارنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن فېدېراتىپ پارتىيەسىدىكىلەر جېففېرسوننىڭ ئامېرىكىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇقىغا رەسمىي سايلانغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، پارلامېنت بىناسىنىڭ دەرۋازىسى سىرتىغا يىغىلغان سايلىغۇچىلار قىقاس ـ چۇقان كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرىنىڭ زۇڭتۇڭى بولغانلىقىغا قىزغىن تەنتەنە قىلىشتى. ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدا كۆككە ئېتىلغان ھۆرمەت توپلىرى رەڭگارەڭ بۇلۇتلارنى ھاسىل قىلدى، كىشىلەر چەكسىز شادلىققا چۆمدى.

كىشىلەرگە مۇئامىلە قىلىشتا كىچىك پېئىل بولۇش — جېففېرسوننىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى سىرىنىڭ بىرى. يەنى ئۇ زۇڭتۇڭ تۈرۈپمۇ پۇقرالار ئالدىدا ئۆزىنى قىلچىمۇ سۈرلۈك كۆرسەتمەيتتى. ۋەزىپىگە ئولتۇرغان كۈنى، ئۇ ئاۋۋالقىدەكلا پەگادا ئولتۇرۇپ تاماقلاندى. باشقىلارنىڭ ئۆزىنى تۆردە ئولتۇرغۇزۇش ئارزۇسىنى ئەدەپ بىلەن رەت قىلدى. ئۇ خەلققە پادىشاھلارنىڭ ھەشەمەتلىك مۇراسىملىرى (قائىدە ـ يوسۇنلىرى) بىلەن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتسىز ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى ھەمدە نۇتۇقلىرىدا، ئامېرىكا خەلقىنى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، ئادىل قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلىشقا چاقىردى. ئۇنىڭ ئادىل ۋە كەڭ قورساق زۇڭتۇڭلۇق ئوبرازى خەلق ئارىسىدا مەڭگۈلۈك ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە «2 ـ قېتىملىق ئامېرىكا ئىنقىلابى» ئەۋجگە چىقتى. ئۇ رەھبەرلىك قىلغان ھۆكۈمەت ئەمەلىي ئۇنۇم، پاك ـ دىيانەتلىك بولۇش، يېمەك ـ ئىچمەك ۋە كىيىم ـ كېچەكنى تېجەشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ چەت ئەللىك ئەمەلدارلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنى كۈتۈۋالغان ھەرقانداق ئاشكارا مۇراسىمدا: «تۇنجى قېتىم تەكلىپ قىلغان ناتونۇش مېھمانغا قولايلىق ئورۇن يارىتىپ بەرگەندىن سىرت، باشقا ھەرقانداق كىشىگە ئېتىبار قىلماسلىق ۋە ئالاھىدە ئىمتىياز بەرمەسلىك»نى ئېلان قىلغانىدى. ئۇنىڭ بۇ بەلگىلىمىسى ئاقسارايدا 28 يىل داۋاملاشتى.

پاك ـ دىيانەتلىك جېففېرسون 1809 ـ يىلى قېرىنداشلىرىغا: «مەن ئاددىي بىر دېھقان مۆتىۋەردەك ياشايمەنكى، ۋاشىنگتونغا ئەمدى مەڭگۈ قايتمايمەن» دېگەنىدى.

خەلق بۇ ئۇلۇغ ۋە ئاددىي شەخسنىڭ ئىسمىنى — توماس جېففېرسوننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايدۇ.

# مۇندەرىجە

1. بىلىمگە تەشنا بولغان ياشلىق دەۋر .................... 1
2. دەسلەپكى قەدەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈش .................. 21
3. ئۈزۈن ھەم ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت يولى ............ 40
4. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ باتۇر جەڭچىسى ............ 56
5. رىشتى ۋەتەنگە باغلانغان ياۋروپا سەپىرى ............. 78
6. تەۋرەنمەس جۇمھۇرىيەتچى سىياسىيون ............... 97
7. ئامېرىكا ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە
چىقىش .................................... 118
8. موندىسلودىكى دەرۋىش ...................... 137

# 1. بىلىمگە تەشنا بولغان ياشلىق دەۋر

## بالىلىق چاغلار

توماس جېففېرسون 1743 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ قەدىمىي كىرانتى ناھىيەسىدىكى چاردۋىل دېگەن يەردە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 10 بالىنىڭ ئۈچىنچىسى ئىدى.

جېففېرسون بىر دۆلەتمەن ئائىلىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاتا جەمەتى ئەنگلىيەنىڭ ۋېلس دېگەن يېرىدىكى سىنود تاغلىق رايونىدىن كۆچۈپ كەلگەن كۆچمەنلەر ئىدى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى پېتر جېففېرسون بولۇپ، ئەمگەكچان، ئىرادىلىك كىشى بولۇپ، گەرچە مۇنتىزىم تەربىيە كۆرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن غايىلىك، كىتابخۇمار ۋە ئىنتايىن تىرىشچان ئىدى. ئۇ جاپالىق ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇشنىڭ تاۋلىشى ئارقىلىق نۇرغۇنلىغان مەدەنىيەت بىلىملىرى ۋە كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولغانىدى. ئۇ شۇ يەردە نام ۋە ئابرۇيغا ئىگە بولۇپ، بىر مەزگىل ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلانغانىدى. پېتر خېلى يۇقىرى ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما باشقىلار بىلەن دوستانە ئۆتەتتى، ھەمىشە ئۆزىنىڭ نېگىر قۇللىرى بىلەن جاپالىق جىسمانىي ئەمگەك قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، پېتر

تۇغما كۈچلۈك بولۇپ، 1000 قاداق كېلىدىغان ئىككى تۈڭ كۆك تاماكىنى بېشى بىلەن كۆتۈرگەنىكەن. بىر قېتىم پېتىر ئۈچ قۇلغا قۇرۇپ قالغان بىر تۈپ دەرەخنى قومۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ. ھېلىقى ئۈچ قۇل ئارغامچا بىلەن دەرەخنى باغلاپ، بارلىق كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تارتقان بولسىمۇ، دەرەخ قىمىرلاپمۇ قويمايدۇ. بۇنى كۆرگەن پېتىر قۇللارنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئارغامچىنى مەھكەم تۇتىدۇ ـ دە، قاتتىق ۋارقىرىغىنىچە بىر كۈچەپ دەرەخنى يىلتىزى بىلەنلا قومۇرىۋېتىدۇ. شۇ چاغلاردا، پېتىرنىڭ قىزىقىش دائىرىسى ئىنتايىن كەڭرى ئىدى. بولۇپمۇ، دالىدا پائالىيەت قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئوۋ ئوۋلاش ماھىرى بولۇپلا قالماستىن، يەنە سۇ ئۈزۈش ماھىرى ئىدى. ھەتتا يەر ئۆلچەشكىمۇ ناھايىتى قىزىقاتتى. پېتىر بۇنداق كۆپ خىل قىزىقىشى بىلەن جېففېرسوندا چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. بۇ خىل تەسىرات ۋە خاتىرە جېففېرسوننىڭ پۈتۈن ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدا سۇنماس، تىز پۈكمەس ۋە توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرىدۇ. دادىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئانىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى بەكلا ئاز بولغانىدى. جېففېرسون ئانىسىنىڭ ئاقسۆڭەكلەرگە خاس تەكەببۇر سالاپىتى ۋە ئىش قىلغان چاغدىكى تەلىمىنى ئەزەلدىن ھەقىقىي قوبۇل قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئانىسىنى ناھايىتى ھۆرمەت قىلغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن، ھېسسىيات جەھەتتە ئۇنىڭدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتكەنىدى.

جېففېرسوننىڭ ئانىسى جېين راندولپ ۋىرگىنىيە ئىشتاتىدىكى ئەڭ كونا ۋە داڭلىق جەمەتلەردىن بىرى بولغان راندولپ جەمەتىدە دۇنياغا كەلگەن. راندولپ جەمەتىنىڭ ئەجدادى شوتلاندىيەلىك ئاقسۆڭەك بولۇپ، شوتلاندىيە پادىشاھى داۋىد I (1124 ــ 1153 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) نىڭ پۈشتى

ئىدى. گەرچە جېففېرسون ئائىنىسىنىڭ داڭلىق جەمەتتىگە قىلچە قىزىقمىسىمۇ، لېكىن ئانىسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھەمدە ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى نۇرغۇن مەشھۇر شەخسلەر بىلەن تونۇشقانلىقىنى ئىنكار قىلالمايدۇ. بۇ جېففېرسوننىڭ كېيىنچە سىياسىي ساھەدە يۈكسىلىشىگە زور دەرىجىدە ياردەم بەرگەنىدى.

جېففېرسوننىڭ تەق ـ تۇرقى دادىسىغا ئوخشايتتى، ئەمما جېففېرسون دادىسىدەك تۇغما كۈچتۈڭگۈر ئەمەس ئىدى، لېكىن دادىسىنىڭ ئەقىللىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان، چىقىشقاق ۋە خەير ـ ساخاۋەتلىك پەزىلىتىنى دورىغانىدى. پېتر گەرچە بىر ئېكىنزارلىقنىڭ غوجايىنى بولسىمۇ، لېكىن قۇللارنى قامچىلاشقا قەتئىي قارشى ئىدى. ئۇ ئىندىيانلارغا ياخشىلىق قىلغانلىقتىن، ئىندىيانلار ئۇنى «يېقىن ئاق تەنلىك دوستىمىز» دەپ قارايتتى. دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن، جېففېرسوننىڭ بالىلىق تۇرمۇشى نېگىر قۇللار ۋە ئىندىيانلار بىلەن چەمبەرچاس باغلانغانىدى. جېففېرسوننىڭ ئائىلىسىدە 100 نەچچە قۇل بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىنلا نېگىر قۇللار بىلەن ئوينايتتى. توققۇز ياشقا كىرگەندە ئۇنىڭ تۇرمۇش چەمبىرىكىدە ھەمىشە نېگىرلار ئاق تەنلىكلەردىن كۆپ بولۇپ، نىسبىتىمۇ 10:1 ئىدى. ھەتتا دەسلەپكى دوستلىرىمۇ ساپلا نېگىرلار ئىدى. پېتر جېففېرسوننىڭ نېگىر قۇللار بىلەن دوست بولۇشىغا قارشى تۇرمايلا قالماستىن، ئەكسىچە ئۇنى نېگىر قۇللار بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى چۈشىنىشىگە ھەمدە بۇنىڭدىن ئادەم بولۇشنىڭ يولىنى بىلىشىگە ئىلھاملاندۇراتتى. جېففېرسون بەش ياشقا كىرگەن يىلى، ئورېگون ناھىيەسىنىڭ يېنىدىكى ئېكىنزارلىقتا ئېيۋا ئىسىملىك بىر نېگىر قۇلنىڭ غوجايىنىغا

سۇيىقەست قىلماقچى بولغان، دەپ ئەيىبلىنىپ، پاجىئەلىك ھالدا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش جازاسى بېرىلگەنلىكىنى ئاڭلايدۇ.
جېففېرسون دەھشەتلىك ئوت يالقۇنىنىڭ قۇلنىڭ تېنىنى يالماۋاتقانلىقىنى، ئوت ئىچىدە نالە - پەرياد قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولىدۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولىدۇ. ئۇنىڭ سەبىي قەلبى بۇ رېئاللىقنى — ئاق تەنلىكلەر بىلەن نېگىرلارنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۆكۈمران، نېگىرلارنىڭ ئېزىلگۈچى ئىكەنلىكى، ھەتتا باللارنىڭمۇ شۇنداق ئىكەنلىكى، ئاق تەنلىكلەرنىڭ بالىسى ئوقۇشقا بولىدىغانلىقىنى، ئەمما نېگىرلارنىڭ باللىرىنىڭ ئوقۇشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىش ئۈچۈن دادىسىدىن تەلىم ئالىدۇ. دادىسى جېففېرسونغا كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشنىڭ يوللىرىنى سەۋرچانلىق بىلەن چۈشەندۈرىدۇ. ئەمەلىي تۇرمۇشتىمۇ ئۇ نازارەتچىلەرنىڭ قۇللارنى قامچا بىلەن ئۇرۇشىغا ھەرگىز رۇخسەت قىلمايتتى. دادىسىنىڭ سۆزلىرى جېففېرسوندا ناھايىتى زور تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇ: «مېنىڭ ئۇلارغا (نېگىر قۇللارغا قارىتىلغان) بولغان ھېسسىياتىم ۋە ھېسداشلىقىم مەڭگۈ يوقالمايدۇ» دەيدۇ.

دەل مۇشۇ باللىق چاغلار، جېففېرسوننى ئىندىيانلارنىڭ يېقىن دوستى قىلىپ قويىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا ئىندىيانلارنىڭ سەردارى ھەمىشە ۋىلىيامسبۇرگقا بېرىپ تۇراتتى. ھەر قېتىم چاردۋىلدىن ئۆتكەندە ئۇ يەرگە بېرىپ ئارام ئالاتتى ھەمدە پېترنى يوقلاپ تۇراتتى. ئۇلار بارا - بارا جېففېرسون بىلەنمۇ يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالغانىدى. كۆپ يىللاردىن كېيىن، جېففېرسون دوستى يوھان ئادىنسقا يازغان خېتىدە، ۋىتارسسات ئىسىملىك بىر ئىندىيان سەردارنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. ۋىتارسسات ھەر قېتىم ۋىرگىنىيەنىڭ مەركىزى ۋىلىيامسبۇرگقا

بارغاندا چاردۇبلغا چۈشمەي قالمايدۇ. بىر قېتىم، ۋىتارسسات ۋىرگىنىيەدىن ۋاقتىنچە ئايرىلىپ ئەنگلىيەگە بارماقچى بولىدۇ، يولغا چىقىدىغان ئاخشىمى جېففېرسون ۋىتارسساتىنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان خوشلىشىش سۆزىنى ئاڭلاپ ئىندىيانلار مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ بىلىۋالىدۇ. جېففېرسون كېيىنچە «ئۆز تەرجىمىھالىم» دېگەن ئەسىرىدە: «ئاي يەنە تولدى. ئۇ تولۇن ئايغا قاراپ ئۆز سەپىرىگە ئامانلىق تىلىدى، ئۆز قېرىنداشلىرىنىڭ بەختى ئۈچۈن تىلاۋەت قىلدى، ئۇنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، دولقۇنلۇق بولۇپ، سۆزلىگەندىكى ھەرىكىتى ناھايىتى كەسكىن ئىدى. ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ئوتقاشلارنى كۆتۈرۈۋالغان بولۇپ، كەيپىيات تولىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى» دەپ بايان قىلغانىدى. كېيىن ۋىتارسساتىنىڭ ئىندىيانلار قەبىلىسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ سۈرگۈن ۋە قىرغىن قىلىشىغا ئۇچرىغاندا، ئەينى يىللاردىكى گۈزەل ئەسلىمىنىڭ تەسىرى بىلەن مەلۇم ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە جېففېرسون قىلچە ئىككىلەنمەستىن كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەزى قۇتقۇزۇش تەدبىرلىرىنى ئىشلەيدۇ. شۇڭا، دادىسىنىڭ تەسىرى بىلەن ئىرقچىلىقنى توگىتىش ئېتىقادى جېففېرسوننىڭ قەلبىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ ھەمدە ئەڭ ئاخىر ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتلىق يولىنى بەلگىلەشتىكى مۇقەررەر تاللاش بولۇپ قالىدۇ. جېففېرسون گەرچە باي ئېكىنزار غوجايىنى ئائىلىسىدە ئۆسۈپ يېتىلگەن بولسىمۇ، مۇستەملىكىچىلىك تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلابقا قەتئىي ئاتلىنىدۇ؛ گەرچە ئۇ قۇللۇق تۈزۈم ئەۋج ئالغان دەۋردە تۇغۇلغان بولسىمۇ، قۇل سودىسىغا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.

1748 - يىلى يەنى ئۆسمۈر جېففېرسون بەش ياشقا كىرگەن يىلى، دادىسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن توكاھودىكى بىر

باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ جاپالىق ئۇزاققا سوزۇلغان ئوقۇش هاياتى باشلىنىدۇ.

## دەسلەپكى پۇختا تەربىيە

جېففېرسوننىڭ بىر ئەۋلاد ئۇلۇغ شەخس بولۇپ يېتىلىشى، ئۇنىڭ كىچىكىدىن باشلاپلا قاتتىق ۋە ياخشى تەربىيە كۆرگەنلىكى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ بىلىمگە بولغان ئىنتىلىشچانلىقىدىن ئايرىلالمايدۇ. جېففېرسون بىلىملىك، شۇنداقلا ناهايىتى قابىلىيەتلىك بولۇپ، قىزىقىش دائىرىسىمۇ كەڭ ئىدى. ئۇ سىياسىي جەھەتتە زور تۆھپىلەرنى ياراتقاندىن سىرت يەنە كىشىلەر ئېتىراپ قىلىدىغان يەر ئۆلچىگۈچى، بىناكار، پەيلاسوپ، مۇزىكانت ۋە ئەدىب ئىدى. ئۇ يەنە ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، دېھقانچىلىق ئىلمى، ئاسترونومىيە ۋە ئارخېئولوگىيە پەنلىرىگە ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئانا تىلى بولغان ئىنگلىز تىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان لاتىن، گىرېك، فىرانسۇز ۋە ئىتالىيان تىللىرىنى پىششىق بىلەتتى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇنى «يۇقىرى بىلىمگە ئىگە، ئەڭ كۆپ ئىقتىدارلىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، جېففېرسونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، هاياتىدىكى مۇشكۇلات ۋە كەچۈرمىشلەر، ئۇنىڭغا بىلىمنىڭ مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇتقانىدى. ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «بىلىم — كۈچ، بىلىمسىزلەر ئاجىزلار»دىن ئىبارەت ئىدى. بۇ ھېكمەت جېففېرسوننىڭ ئۆزىنى بىلىم ئېلىشقا بېغىشلىشىغا ئىلهام بېرىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى ئاچقان ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ مىزانى بولۇپ قالغانىدى.

جېففېرسوننىڭ دەسلەپكى تەربىيەلىنىشىدە ئىككى

كىشىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان، بىرى دادىسى پېتر، يەنە بىرى جامىس مورى باستېر ئىدى. ئوغلىنىڭ يارامىلىق ئادەم بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغان پېتر ئۇنى تەربىيەلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. جېففېرسون بەش ياشقا كىرگەندە ئۇنى مەكتەپكە بېرىپلا قالماستىن، يەنە بىر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا خەت ئۆگىتىدۇ. توققۇز ياشقا كىرگەندە يەنە لاتىن تىلى مەكتىپىگە بېرىدۇ. ئۇ دوگلاس باستېردىن گىرېك، لاتىن ۋە فىرانسۇز تىللىرىنى ئۆگىنىدۇ. پېتر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئۆزىنىڭ ئوبرازىنى ئوغلىدا يېتىلدۈرمەكچى بولغاچقا، ئوغلىغا ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇش ۋە جاپاغا چىداپ ئۆگىنىش ئىدىيەسىنى سىڭدۈرۈپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىش ۋە ئىشلەشكە يېتەكلەيدۇ. پېتر ھەمىشە: «ئۆزۈڭ قىلالايدىغان ئىشنى ھەرگىز باشقىلارغا قىلدۇرما» دەيتتى. دادىسىنىڭ سەممىي يېتەكلىشى جېففېرسوننىڭ كېيىنكى تۇرمۇش ۋە ئۆسۈپ يېتىلىشىدە غايەت زور رول ئوينىغانىدى. ئۇ كېيىن بىلىم ئېلىش ئىستىكىدە ۋىلىيامسبۇرگقا كەلگەندە، سۆلەتۋاز - بايۋەچچىلەردەك جاھاننىڭ رەپتارىغا كىرىۋالماستىن، بەلكى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ، تىرىشىپ ئىلگىرىلەيدۇ. بۇ پۈتۈنلەي دادىسىنىڭ تەربىيەسىدىن بولغانىدى.

پېتر ئوغلىغا كىتابتىكى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەبىئەتتىن ئۆگىنىش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈشكىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ. دادىسىنىڭ ئوبدان تەربىيەلىشى بىلەن جېففېرسون كىچىكىدىنلا تەبىئەتكە مۇھەببەت باغلاپ، نۇرغۇن دالا خاتىرىسىگە ئىگە بولىدۇ. جېففېرسون ھەمىشە تاغ ۋە ئورمانلىقلارغا بېرىپ ئوۋ ئوۋلايتتى ياكى دەريالاردا بېلىق تۇتاتتى. دەل شۇ سەۋەبتىن، جېففېرسون تەبىئەتكە دائىر مول بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. ئالايلۇق، ئۇ ھەر خىل

قۇشلارنىڭ نامى ۋە ياشاش ئادىتىنى، ھەتتا ئورمانلىق ۋە دالىدىكى ھەر خىل ھاشارات ھەمدە ئۇلارنىڭ ياشاش ئادەتلىرىنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك، گۈل ـ گىياھلارنى ۋە ئۇلارنىڭ ياشاش ئالاھىدىلىكى، ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنىمۇ ئىگىلىۋالىدۇ. جېففېرسون ئۇچۇن ئېيتقاندا، تەبىئەت كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان كىتاب ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلچەش، بىناكارلىق كەسپىلىرىگە بولغان قىزىقىشىنىڭ ئۇزاققىچە يوقالماسلىقى دادىسىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. ھەر قېتىم ۋىرگىنىيەنىڭ خەرىتىسىنى دادىسى بىلەن چىرشىيا فىراينىڭ بىللە سىزغانلىقى توغرىسىدا گەپ بولغاندا، ئۇ پەخىرلىنىش تۇيغۇسىغا چۆمۈلەتتى. كېيىن جېففېرسون دادىسىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆگىنىۋالغان ئۆلچەش بىلىملىرىدىن پايدىلىنىپ، ھەقىقىي ئۆلچەش خادىمىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ تۇنجى ۋە بىردىنبىر كىتابى «ۋىرگىنىيە خاتىرىلىرى»نى يازىدۇ. جېففېرسون بۇ كىتابىدا، دادىسى سىزغان خەرىتىدىن پايدىلانغان بولۇپ، پەقەت ئازراقلا تۈزىتىش كىرگۈزگەنىدى. ئۇ قانداق ئىشتا بولسۇن، دادىسىغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى ۋە مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى.

دادىسىنىڭ ئىلىمخۇمار خاراكتېرى ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئامېرىكا تارىخىدا جېففېرسونغا ئوخشاش ئىلىم ـ پەنگە ئىشتىياق باغلىغان زۇڭتۇڭدىن بىرقانچىسىلا بولغان. جېففېرسون كىتابقا مەھلىيا بولۇپ، بىلىمى ئارقىلىق ئۆزىنى ئۈزۈكسىز تولۇقلىدى. شۇ سەۋەبلىك، جېففېرسون ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ بىلىملىك كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

1757 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، پېتر جېففېرسون 50 يېشىدا تۇيۇقسىز ئالەمدىن ئۆتتى. شۇ چاغدا جېففېرسون

ئاران 14 ياشتا ئىدى. دادىسىدىن يېتىم قالغان ئىككى ئوغۇل، ئالتە قىز ئىچىدە جېففېرسون چوڭى ئىدى. دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، جېففېرسون 2500 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىن بىلەن 30 نەپەر قۇلغا ئىگىدارچىلىق قىلدى. ۋەسىيەتنامىدە: «ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، جېففېرسون يەنە ئانىسىنىڭ ئېكىنزارلىقىغا (2500 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىن بىلەن 30 نەپەر قۇلغا) ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، بىراق ئۇ ئىنى - سىڭىللىرىنى تەربىيەلەش مەسئۇلىيىتىنى، سىڭىللىرىنى ياتلىق قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. بۇنداق زور مىراس ئالدىدا، جېففېرسون ئۆزىنى ئەركىن قويۇۋېتىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى كۆپلىگەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بايۋەچچىلىرىگە ئوخشاش يەپ - ئىچىپ يۈرسە بولاتتى. لېكىن، دادىسىنىڭ كۆپ يىللىق تەربىيەسىگە ئۇچرىغان جېففېرسون ئۆگىنىش ئىتىقادىدىن قىلچىمۇ تەۋرەنمەيدۇ.

جېففېرسوننى ئەڭ تەسىرلەندۈرگىنى، دادىسى ۋەسىيىتىدە ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى تەربىيەلىنىشىنى ئالاھىدە تاپىلىغانلىقى ئىدى. جېففېرسون كېيىنكى ئەسلىمىسىدە: «دادامنىڭ بۇ ۋەسىيىتى مەن ئۇچۇن مىراستىنمۇ قىممەتلىك» دەيدۇ. كېيىن جېففېرسون دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىگە ھەقىقەتەنمۇ قاتتىق رىئايە قىلىدۇ ھەمدە ئەستايىدىل ئىجرا قىلىدۇ. ئۇ دادىسىنى دەپنە قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دەرھال ئالبېمار ناھىيەسىگە بېرىپ جامىس مورى باستېر باشقۇرىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيدۇ ھەمدە بۇ يەردە ھاياتىدىكى تۇنجى بۇرۇلۇشنى كۈتۈۋالىدۇ.

ئەينى ۋاقىتتا، مورى باستېر ۋىرگىنىيە مۇستەملىكىسىدىكى ئەڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشى، دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭ

ساقلىغان كىتابلىرى خىلمۇخىل بولۇپ، 400 خىلدىن ئاشاتتى. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاز سان ئەمەس ئىدى. مورى باستېرنىڭ مەكتىپى بىلەن چاردۋىلىنىڭ ئارىلىقى 14 چاقىرىم بولۇپ، بېرىپ - كېلىش قولايسىز ئىدى. شۇڭا، جېففېرسون ئوقۇش مەزگىلىدە مورى باستېرنىڭ قورۇسىدا تۇراتتى. بۇ ئىش ئۇنى مورىنىڭ بارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

جېففېرسون كىتابنى بېرىلىپ ئوقۇپ، نۇرغۇن بىلىمگە ئىگە بولىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، مورى جېففېرسوننىڭ ياتىقىنىڭ چىرىغىنىڭ تۈن يېرىمىغىچە ئۆچمەيدىغانلىقىنى بايقايدۇ. ئۇ جېففېرسوننىڭ كىتابلارنى سۆدەك راۋان ئوقۇيدىغانلىقىنى بىلىپ ئىنتايىن خۇشال بولىدۇ ھەمدە بۇ ئىرادىلىك يىگىتكە ئامراق بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەزگىلدىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى جېففېرسون ئۈچۈن ئېيتقاندا ئەڭ جەلپكار ۋاقىتلار بولۇپ، ئۇ مورى باستېردىن تىل، كىلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگىنىپلا قالماي، يەنە ئالتە ئاي ئۇسسۇل ئۆگىنىدۇ. تىل ئۆگىنىش جەريانىدا، مورى ئۇنىڭغا گىرېك ۋە لاتىن تىلىنى ئۆگەتكەندىن سىرت، يەنە كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى، چۈشىنىشكە تايىنىپ چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش، ئوقۇغان ئەسەرنى باھالاش ۋە ھەزىم قىلىپ، ئاپتورنىڭ روھى ۋە ئەسەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا سىڭىپ كىرىشنى ئۆگىتىدۇ. بىر مەزگىل ئۆگىتىش ئارقىلىق، جېففېرسوننىڭ تىل سەۋىيەسى ۋە ئوقۇش ئىقتىدارىدا زور يۈكسىلىش بولىدۇ. جېففېرسوننىڭ مورىنىڭ ئۆزىگە گىرېك يېزىقىنى ئۆگەتكەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىشتى، ئۇ كېيىن بىۋاستە يېزىق ئارقىلىق ھومېرنىڭ ئېپوسلىرىدىن ھوزۇرلانغانلىقىدىن بولغانىدى. ئۇ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىگە قارىغاندا تېخىمۇ جەلپكار، ئۇنىڭدىكى ئىدىيە ۋە تۇيغۇنىڭ

تېخىمۇ تاتلىق بولغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇڭا، جېففېرسون مورىنى ئىنتايىن ھۆرمەتلەپ، «نوپۇزلۇق ئالىم بولۇشقا مۇناسىپ» دەپ تەرىپلىگەن.

ئۇ مورى باستېرنىڭ تۇرالغۇسىدىن چاردۇغلىغا قايتىپ دەم ئالغاندا، ئۆگىنىشنى زادىلا بوشاشتۇرۇپ قويمايدۇ، ھەر كۈنى كىتاب ئوقۇغاندىن سىرت يەنە مۇزىكىغىمۇ قويۇق ئىشتىياق باغلايدۇ. ئۇ ئاۋۋال ئالېكساندىر يىنگېلدىن ئۇسسۇل ئويناشنى، كېيىن يەنە ئىتالىيەلىك بىر مۇزىكانتتىن ئىسكىرىپكا چېلىشنى ئۆگىنىدۇ. مۇزىكا تېزلا ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىغا ئايلىنىپ قالىدۇ ھەمدە بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاچىدىغان مەنبە بولۇپ قالىدۇ. جېففېرسون قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، مارشا ۋېلىس بىلەن مارىيا كوسۋېدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇزىكانت ئۇنى خۇددى ماگنىتتەك جەلپ قىلىۋالىدۇ ھەمدە ئۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ.

گەرچە جېففېرسون باشتىن ـ ئاخىر جاپالىق ئۆگىنىشتە چىڭ تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن دۆلەتمەن ئائىلە تۇرمۇشى ئۇنىڭ پىلانىنى ئۇزۇپ قويماي قالمايدۇ. ئۇ ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋە كەچلىك مۇراسىملارغا قاتنىشىش، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل داڭلىق كىشىلەر يىغىلىشىغا بېرىش قاتارلىق زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن بارا ـ بارا ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. 1759 ـ يىلى يېڭى يىل بايرىمىدىن كېيىن، جېففېرسون ئۆزىنىڭ قوغدىغۇچىسى، ئانىسىنىڭ قېرىندىشى پېتر رونديىوۋنىڭ پىكرىنى ئالغاندىن كېيىن، ۋىلىيامسبۇرگتىكى ۋىلىيام ـ مارى ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغۇچى بولىدۇ. جېففېرسون يەنە بىر قوغدىغۇچىسى يوھان ھارۋىغا خەت يازغاندا، بۇ سىرلارنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. ئۇ خېتىدە: «پېتر رونديىوۋ مېنى ئىنستىتۇتقا بېرىپ بىلىمنى مۇكەممەللەشتۇرۇشى كېرەك، دەپ قارايدىكەن، بۇ مېنىڭ

ئوقۇشۇمنى تاماملىشىمنى ياخشى پۇرسەتكە ئىگە قىلىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ بىرىنچىدىن، مەن چاردۇبلدا تۇرسام زىياپەتتىن بېرى بولالمايمەن، ئۇلار ۋاقتىمنىڭ 1/4 قىسمىنى ئىگىلىۋېلىپ، خاتىرجەم ئوقۇشۇم قىيىن ئىكەن، ئۇنىڭدىن باشقا، ئىنستىتۇتتا گىرېك ۋە لاتىن تىلى بىلەن ماتېماتىكا ئۆگەنگىلى بولىدۇ» دەپ يازىدۇ. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جېففېرسون كۆڭۈل ئېچىشنىڭ كۆپ بولۇپ كېتىپ ئوقۇشنىڭ تاشلىنىپ قېلىشىغا چىدىمايدۇ.

## ئالىي مەكتەپ دەرۋازىسىدىن كىرىش

1760 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، 17 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان جېففېرسون ۋىلىيامسبۇرگتىكى ۋىلىيام ـ مارى ئىنستىتۇتىنىڭ پەلسەپە فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىدۇ ۋە بىر چاكارنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈستىبېشى چاڭ ـ توزان ھالدا ۋىلىيامسبۇرگقا كېلىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكىنىڭ مۇستەملىكە تارىخىدا، ۋىلىيامسبۇرگ ئەڭ قەدىمكىي جاي بولۇپ، ئەڭ بۇرۇن مۇستەملىكە تۈسىنى ئالغان شەھەر ئىدى. ئۇ ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان بولۇپ، بىپايان جۇمۇسى دەرياسى ئۇ يەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتەتتى. تۆت ئەتراپى بوك ـ باراقسان ئورمانلىق بولۇپ، سىرتنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرىدىن خالىي دۇنيا ئىدى. ئۇ گويا «بىر كىچىك غايىۋى جەننەت»كە ئوخشايتتى. ۋىلىيامسبۇرگ ئەينى ۋاقىتتا ۋىرگىنىيەنىڭ پايتەختى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدىكى ئەڭ باي، ئەڭ گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ كۆلىمى بىر كەنتتىن چوڭراقلا بولۇپ،

تەخمىنەن 200 ئېغىز ياغاچ ئۆي بار ئىدى، ئوڭغۇل - دوڭغۇل كوچىلىرىدىن توپا ئۆرلەپ تۇراتتى. ھەر يىلى ئەتىياز ۋە كۈز پەسلىدە، ۋىرگىنىيە پارلامېنتى يىغىن ئاچقاندا، بۇ يەردە كىشىلەر مىغىلداپ كېتەتتى. ۋىلىيام - مارى ئىنستىتۇتى دەل مۇشۇ شەھەرنىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقانىدى.

ۋىلىيام - مارى ئىنستىتۇتى 1693 - يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، ئەنگلىيە پادىشاھى ۋىلىيام Ⅲ بىلەن خانىش مارى Ⅱ نىڭ نامى قويۇلغان، ئەينى ۋاقىتتا، شىمالىي ئامېرىكىدا خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئالىي مەكتەپ ئىدى. جېففېرسون مەكتەپكە كىرگەندە، پۈتكۈل ئىنستىتۇتتا تۆت فاكۇلتېت، يەنى گىرامماتىكا، پەلسەپە، تېئولوگىيە (ئىلاھىيەتشۇناسلىق) ۋە ئىندىيانلار فاكۇلتېتى بار ئىدى. مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى مەكتەپ مۇدىرىنى قوشقاندا يەتتە كىشى بولۇپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى 100 دىن ئاشمايتتى. ۋىلىيام - مارى ئىنستىتۇتىدا جېففېرسونغا ئەڭ تەسىر كۆرسەتكىنى ماتېماتىكا دوكتورى ۋىلىيام سىمول بىلەن قانۇن پىروفېسسورى جورجى ۋېس ئىدى. سىمول دوكتور تەبىئىي پەن ئالىمى بولسىمۇ، جېففېرسون مەكتەپكە كىرگەن تۇنجى يىلى ئېتىكا لېكسىيەسى سۆزلەيدىغان رىياسەتچىنىڭ كەم بولۇشى بىلەن سىمول پىروفېسسور بۇ دەرسنى سۆزلەشنى ۋاقىتلىق ئۈستىگە ئالغانىدى. شۇنداق قىلىپ، تەقدىر ئىلاھى جېففېرسون بىلەن سىمول پىروفېسسورنى چەمبەرچاس باغلاپ قويدى. مەكتەپكە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جېففېرسون شوتلاندىيەدىن كەلگەن بۇ ماتېماتىكا دوكتورىنىڭ تۈرلۈك پەنلەرگە ماھىر ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ تەبىئىي پەن ئالىمى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇ بىلىم ئۆگىتىشكە ماھىر بولۇپ، سالاپەتلىك، مەدەنىي، ئىدىيەسى

ئوچۇق، ئىستىبداتلىق ۋە ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە ئىدى. سىمول پىروفېسسورنىڭمۇ نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا جېففېرسون ئىسمىلىك ئۇزۇنتۇرا، قىزىل چاچلىق، سەپكۈن يۈزلۈك، ئېغىر - بېسىق، چىقىشقاق مىجەزى باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان بۇ ياشقا كۆزى چۈشىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ۋىلىيامسبۇرگ خېلىلا گۈللەنگەن سودا شەھىرى بولسىمۇ، ۋىلىيام - مارى ئىنستىتۇتىغا كىرىدىغانلارنىڭ تولىسى دۆلەتمەن ئائىلىلەرنىڭ پەرزەنتلىرى ئىدى. ئۇلار مەكتەپنىڭ ئىچى - سىرتىدا چىچىلاڭغۇلۇقتا كۈنۈپ كەتكەنىدى، دەسلەپتە جېففېرسونمۇ بۇ خىل ئېزىقتۇرۇشنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن ناھايىتى تېزلا بۇنداق بوشىشىپ كېتىشنىڭ ئۆزىنى ھالاك قىلىدىغانلىقىنى تونۇۋالىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، قېتىرقىنىپ كىتاب ئوقۇيدۇ. تىرىشىپ ئىلگىرىلەپ، بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ كۈندىلىك ئۆگىنىش ۋاقتى 15 سائەتتىن ئېشىپ كېتىدۇ. ھەمىشە تۇن يېرىمىدىن كېيىن ئۇخلاپ، تاڭ يورۇشى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىتاب ئوقۇيدۇ. بۇنى كۆرگەن بىر چوقۇنغۇچىسى جېففېرسوننى: «ئۇنىڭ مېڭىسى چوقۇم تۇغما سىغىمچانلىق ۋە ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ياش ۋاقتىدىن گەۋدىلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئىزچىل داۋاملىشىدۇ» دەپ يازىدۇ. سىمول پىروفېسسورمۇ جېففېرسوننىڭ ئىقتىدارى ۋە ئىجتىھاتىنى ناھايىتى قەدىرلەيدۇ ھەمدە بۇ ئىككىيلەن تېزلا قەدىناس دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. سىمول پىروفېسسور ھەمىشە ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇشقا چاقىراتتى ھەمدە ئۇنى ئېلىپ زىيالىيلار قاتلىمىدىكى بەزى ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرگە قاتناشتۇراتتى. ياش جېففېرسون بۇ بىلىم ئىگىسىدىن جىق نەپ ئالغانىدى.

سىمول پىروفېسسور بىلەن بولغان ئۇزاق سۆھبەتلەردە، جېففېرسون تونجى قېتىم چەكسىز بىلىم بىلەن ئۇچرىشىدۇ. جېففېرسون تۇزگەن دەرسلىكلەرنىڭ يېرىمى دېگۈدەك سىمول پىروفېسسوردىن ئۆگەنگەنلەر بولۇپ، بۇ دەرسلەر ماتېماتىكا، ئىستىلىستىكا، ئېتىكا، ئەدەبىيات قاتارلىقلار ئىدى. جېففېرسون ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى. شۇڭا، بىر دوستىغا يازغان خېتىدە، سىمول پىروفېسسورنىڭ ئۆزىگە «خۇددى دادىسى»غا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، سىمول پىروفېسسور بىلەن تونۇشۇپ قېلىشنى: «بۇ مەن ئۇچۇن ئامەت، بەلكىم ئۇ مېنىڭ ھايات تەقدىرىمنى بەلگىلىشى مۇمكىن» دەپ قارايدىغانلىقىنى يازىدۇ.

جېففېرسون سىمول پىروفېسسور ئارقىلىق يەنە ئەڭ مۇنەۋۋەر گىراماتىكا پىروفېسسورى جورجى ۋېس ۋە ۋىرگىنىيەنىڭ ئوچۇق پىكىرلىك مۇئاۋىن باش ۋالىيسى فىرانشىس بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ۋېس پىرافېسسور بىلەن بولغان ئورتاقلىقنى جېففېرسوننىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بۇرۇلۇش دېيىشكە بولاتتى. ۋېس پىروفېسسورى يۇرۇش - تۇرۇش جەھەتتە سالاپەتلىك، بىلىمى چوڭقۇر، ئىلمىي تەكشۇرۇشتە ئېھتىياتچان، سىياسىي جەھەتتە جۇمھۇرىيەتچى ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىدىيەسى جېففېرسونغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ ھەمدە ئۇنى جۇمھۇرىيەتچىلىك يولىغا باشلايدۇ. ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىچىلىكى ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىن، بۇ يەردە ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمى شەكلىنى ئالغان سەپسەتىلەر بىر مەزگىلى يامراپ كېتىدۇ. جېففېرسون ھالقىلىق پەيتتە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، شىمالىي ئامېرىكىدا جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە مۇقەررەرلىكىنى ئۇنلۇك خىتاب قىلىدۇ ھەمدە ۋېس پىروفېسسورنىڭ ئۆزىگە سىڭدۇرگەن جۇمھۇرىيەتچىلىك

ئىدىيەسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئاۋامنى يېتەكلەپ، ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا تۇنجى بۇرژۇئازىيەنى قۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ۋېس پىروفېسسور ئۆگىنىشتىمۇ ئۇنىڭغا كۆپ ياردەملەرنى بېرىدۇ. ۋېس گەرچە قانۇن پىروفېسسورى بولسىمۇ، گىرېك تىلىغا پىششىق بولۇپ گىرېتسىيەنىڭ كىلاسسىك پەلسەپىسىنى پۇختا بىلەتتى. ھەر قېتىم ۋېس پىروفېسسورنىڭ نامى تىلغا ئېلىنغاندا، جېففېرسون تەكرار ـ تەكرار: «ۋېس مېنىڭ سادىق، سۆيۈملۈك يېتەكچىم» دەيتتى.

پىروفېسسور سمول بىلەن ۋېس تىرىشىپ ئۆگىنىدىغان غايىلىك بۇ ياشقا ناھايىتى غەمخورلۇق قىلاتتى ۋە ھەمىشە ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ فۇچېلىنىڭ سارىيىغا بېرىپ بىرلىكتە تاماقلىناتتى، پىكىر ئالماشتۇراتتى. ئىلىم ـ پەندىن سىياسىيغىچە كەڭ ـ كۇشادە پاراڭلىشاتتى. بۇ، ياش جېففېرسون ئۇچراشقان تۇنجى تۇركۇمدىكى ھەقىقىي تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر ئىدى. ئۇ روھلانغان ھالدا: «مەن بۇ يەردىن ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى ئىدىيەلەرنى، نۇرغۇنلىغان ئەقلىي ۋە پەلسەپىۋى پاراڭلارنى ئاڭلىدىم» دەيتتى. شۇڭا، جېففېرسون بۇ ئۈچەيلەن بىلەن دوست بولغىنىدىن ناھايىتى ھاياجانلانغانىدى. بۇ ئۈچ كىشى جېففېرسونغا ئۈچ خىل نەرسە ئۆگەتتى. مورى پىروفېسسور پەلسەپىگە باي ئىدى؛ ۋېس پىروفېسسور قانۇن ۋە قانۇنلار قامۇسىنىڭ سىمۋولى ئىدى؛ فۇچېل دىيالېكتىكا ۋە مۇۋەپپەقىيەتكە ۋەكىللىك قىلاتتى.

بىراق، ياخشى كۈنلەر ئۇزۇنغا بارمىدى. سمول پىروفېسسور 1764 ـ يىلى ئەنگلىيەگە قايتىپ كەتتى. ئۇ كېيىن دارۋىننىڭ يېقىن دوستى بولۇپ قالدى. جېففېرسون شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى زادىلا كۆرەلمىدى. 1768 ـ يىلى فۇچېل كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەندە ۋېس پىروفېسسورلا جېففېرسون

بىلەن بىللە ئىدى. ۋېس پىروفېسسورنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان جېففېرسون 1762 ـ يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يەنە ۋېس پىروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە بەش يىل قانۇن ئۆگىنىدۇ. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا، جاپالىق ئىزدىنىپ بېرىلىپ ئۆگىنىپ، يۇنان ۋە رىمنىڭ كىلاسسىك ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ تونۇشۇپ چىقىدۇ. لوك، سېرو، مونتېسكيو، ستېئېن، سىمولېت، شېكسپىر، ماتېردون، ۋېرگىلىۇس، هولىس، ئوۋېدىئۇس، هېردوتوس، هومېر، ئەفرىپېدېس، راچىن، ۋولتارىيرى، سېرۋانتىس قاتارلىق مەشھۇر شەخسلەرنىڭ ئەسەرلىنى ئوقۇيدۇ. نەچچە يىل جاپالىق ئوقۇش، جېففېرسوننىڭ مېڭىسىنى تېخىمۇ ئېچىپ، نەزەر دائىرىسىنى زور دەرىجىدە كېڭەيتىدۇ.

ئىنستىتۇتتىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يەنىلا مېھرىبان ئوقۇتقۇچىسىنىڭ تەربىيەسىنى ئۇنۇتمايدۇ. ئۇ «تەرجىمىھالىم»دا ۋېس پىروفېسسورنى: «ياش ۋاقتىمدىكى ئەڭ قەدىرلىك ئوقۇتقۇچۇم، هاياتىمدىكى ئەڭ قەدىرلىك دوستۇم» دەپ تەرىپلەيدۇ، ھەتتا ئۇنى «2 ـ دادام»، شۇنداقلا «ئەڭ دەسلەپكى، ئەڭ ياخشى دوستۇم، ئۇ هاياتىمدىكى ئىشلاردا ماڭا ناهايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى» دەيدۇ.

## جېففېرسوننىڭ ئىلمىي تەكشۈرۈش يولى

جېففېرسون تۇرۇۋاتقان مۇھىت ۋە ئورۇن سەۋەبىدىن ئات بەيگىسى، ئوۋچىلىق، قارتا ئويناش ۋە تانسىغا بېرىش قاتارلىق سورۇنلاردىن قۇتۇلالمايدۇ. كېيىن ئۇ ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «هەر خىل ناچار كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقان ۋاقتىمنى يادىمغا ئالسام، ئۇلار بىلەن تۈپۈق يولغا كىرىپ قالغاندەك، ئۇلارغا ئوخشاش جەمئىيەت داشقاللىرىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولىمەن. تەلىيىم

ئوڭ بولغاچ، بۇرۇنلا يۇقىرى ئورۇندىكى شەخسلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ ئاشۇلاردەك ئادەم بولۇشنى ئارزۇ قىلىدىغان بولدۇم. تۇلكە ئوۋلىغان ۋە ئات بەيگىسىدە ئېرىشكەن غەلىبە خۇشاللىقى ئالدىدا ئۆز - ئۆزۈمدىن: مەن زادى قايسى يولنى تاللىسام نام قازىنالايمەن؟ چەۋەنداز بولايمۇ ياكى ئوۋچى، ناتىق بولۇش كېرەكمۇ ياكى ھەقىقىي ئادەم بولۇپ دۆلەتنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش كېرەكمۇ؟ دەپ سورايتتىم. كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جېففېرسون گەرچە ياش بولسىمۇ، «دانىشمەنگە يولۇقساڭ دانىشمەن بولىسەن» دېگەننى ئىشقا ئاشۇرغانىدى.

جېففېرسوننىڭ ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىدىغان بۇ خىل ئادىتى، دادىسى ئۆلۈپ كېتىشتىن بۇرۇنلا يېتىلگەنىدى. بۇ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرىنىڭ چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. جېففېرسون كېيىنچە ئەسلەپ: «بىز كىچىكىمىزدىلا ئىشچان ۋە جاپاغا چىداش ئادىتىنى يېتىلدۈرگەنىدۇق. ئەگەر كىچىكىدىنلا يېتىلمىسە، كېيىن مۇكەممەللىشىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەنىدى.

جېففېرسوننىڭ ئىلمىي مۇئامىلە يولى كەڭ بولۇپ، كىشىنىڭ ئەڭ دىققىتىنى قوزغايدىغىنى، ئۇنىڭ بىلىمگە ئىجتىھات قىلىپ، بارلىق بىلىملەرنى ئىگىلىگەنلىكى ھەمدە بۇ ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشكەنلىكى ئىدى. جېففېرسون ھەر كۈنى 15 سائەت ئۆگىنەتتى. ئۇ سەھەر ئىككى بولغاندا شامنى ئۆچۈرەتتى. تاڭ سۈزۈلۈشى بىلەنلا يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، بىر كۈنلۈك جىددىي ئۆگىنىشنى قايتىدىن باشلىۋېتەتتى. جېففېرسون دەرستىن سىرتقى ۋاقىتلىرىنىڭ ھەممىسىدە تارىخ ۋە پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ بىلىمگە ھەۋەس قىلىدىغان دوستلىرى بەس - بەستە ئۇنىڭدىن تەلىم ئالاتتى. بىر

قېتىم جېففېرسوننىڭ دوستى جېم مول ئۈنىڭدىن قايسى كىتابنى ئوقۇش كېرەكلىكىنى سورىغاندا، ئۇ خەت يېزىپ جاۋاب بېرىدۇ. ئويلىمىغان يەردىن بۇ خەت كېيىن ئامېرىكىدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قانۇن فاكۇلتېتلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىغا تارقىلىپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالىدۇ. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «سەھەردە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سائەت سەككىزدىن بۇرۇن تەبىئي پەن، ئېتىكا، دىن ۋە قانۇنغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇڭ؛ سەككىزدىن 12 گىچە قانۇن ئۆگىنىڭ؛ 12 دىن 13 كىچە سىياسىي دەرسلەرنى، چۈشتىن كېيىن تارىخ ئۆگىنىڭ؛ كەچ كىرگەندىن ئۇخلاشقىچە ئىستىلىستىكا ۋە نۇتۇق ماھارىتىنى ئۆگىنىڭ.»

جېففېرسوننىڭ ئۆگىنىش ۋە قىزىقىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ھەتتا ھەرقانداق بىر كىچىك شەيئىمۇ ئۇنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىماي قالمايتتى. ئۇ گرېك تىلى، نيۇتوننىڭ فىزىكا ئىلمىگە قىزىقىدۇ. پەلسەپە، تارىخقا، ھەتتا پىروزا ۋە شېئىرىيەتكە ئىشتىياق باغلايدۇ. ياشلىق دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان جېففېرسون ئەستايىدىل كىتاب ئوقۇپلا قالماستىن، بەلكى مەسىلىنى بايقاشقا ۋە ئوتتۇرىغا قويۇشقا ماھىر ئىدى. بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ خاتىرىسىنى ئەنگلىيە چارتىزمىنىڭ رەھبىرى، مەشھۇر يازغۇچى توماس كۇبقا ئەۋەتىپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ بۇ تەكەببۇرلۇقىدىن ئەپۇ سورىغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن دادىللىق بىلەن بىلىمگە ئىنتىلگۈچى، ھەقىقەتكە تەلپۈنۈش ۋە مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ ئىمتىيازىغا ماس كېلىش ـ كەلمەسلىكى بىلەن ھېسابلاشمايمەن. شۇڭا، ئەگەر سىز بۇ يەكۈننىڭ تارىخىي رېئاللىق ۋە پرىنسىپتىنمۇ چوڭ بولۇپ كەتكەنلىكىنى بايقىسىڭىز، مېنى ئەپۇ قىلارسىز.»

ئەلۋەتتە، جېففېرسون ئۆلۈك كىتاب ئوقۇيدىغان كىتاب خالتىسى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلە سىرتىدىكى پائالىيەتلەرگە بولغان قىزىقىشىمۇ كەڭ بولۇپ، ھەر خىل شەكىلدىكى بەدەن چېنىقتۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ھەر كۈنى يۈگۈرۈش ۋە ئات مىنىشنى زادىلا توختىتىپ قويمايتتى، شۇڭا جېففېرسوننىڭ بەدىنى قارىماققا ئاۋاق كۆرۈنگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە خېلىلا كۈچلۈك ئىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق ئۆگىنىشىگە ساغلام بەدەن ۋە يېتەرلىك روھىي قۇۋۋەت ئاتا قىلغانىدى.

## 2. دەسلەپكى قەدەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈش

### كۆزگە كۆرۈنگەن ياش ئادۋوكات

ئەينى ۋاقىتتا، ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان شىمالىي ئامېرىكىدا قانۇن ئۆگىنىش سىياسىينىڭ دەرۋازىسىنى قاقىدانلىق ئىدى. تارىختىن بۇيان، ئادۋوكاتلار شىمالىي ئامېرىكىنىڭ سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئويناپ كەلمەكتە. مەسىلەن، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغان 56 كىشى ئىچىدە ئادۋوكاتلار 17 ئادەم ئىدى. ئامېرىكىنىڭ «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»غا ئىمزا قويغان 39 كىشى ئىچىدە، ئادۋوكات 24 نەپەرنى ئىگىلىدى. بۇنىڭدىن ئادۋوكاتنىڭ سىياسىي ئىشلارغا ئارىلىشىش ئىپكى شىمالىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

باشتا جېففېرسون قانۇن ئۆگىنىشنى خالىمايدۇ. ئەمما، ۋېس پىروفېسسورنىڭ دەۋەت قىلىشى ۋە ئۆز ئىستىقبالىنى نەزەرگە ئېلىپ، يەنىلا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاللايدۇ. ئەمەلىيەتتە، جېففېرسوننىڭ خاراكتېرى ۋە مىجەزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇ ئادۋوكات ئەمەس، بەلكى بىر ئەدىب، مۇتەپەككۇر، ئارختېكتور، بوتانىك، ھەتتا تەبىئىي پەن ئالىمى بولۇشقا ماس

كېلەتتى. چۈنكى، ئۇنىڭدا يېتىلگەن يېزىقچىلىق ئىقتىدارى بولغان بىلەن، جامائەت ئالدىدا مەردانىلەرچە نۇتۇق سۆزلەش قابىلىيىتى كەمچىل ئىدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ گەپ قىلالمايتتى. گەپ قىلغاندا ئاۋازى ناھايىتى بوش چىققاچقا، باشقىلار ئېنىق ئاڭلىيالمايتتى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، تارتىنچاقلىقى بىلەن نام چىقارغان بولۇپ، «خەزىنە ئاغزىنىڭ ئېچىلمىقى تەس» دېگەن چىرايلىق نامى بار ئىدى. بۇ كۆزگە كۆرۈنۈش ئالدىدىكى بىر ئادۋوكات ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئەجەللىك ئاجىزلىق ئىدى. بىراق، جېففېرسون يەنىلا ئادۋوكاتلىق كەسپىنى تاللىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە جەڭ ئېلان قىلغىنى بولۇپ، ئىشنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشى ۋە «دۆلەت مەنپەئەتىنى قوغداش» نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى ئۈچۈن ھازىرلىغان تېپىلغۇسىز ئىرادە ۋە قەيسەرلىكنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرەتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى شىمالىي ئامېرىكىدا مەخسۇس قانۇن مەكتىپى يوق بولۇپ، ئادۋوكات بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ياشلار ئادۋوكاتلاردىن ئۆگىنىش كېرەك ئىدى. جېففېرسونمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. ئۇ 1762 ـ يىلىدىن 1767 ـ يىلىغىچە جورجى ۋېس پىروفېسسوردىن بەش يىل قانۇن ئۆگەندى. بەش يىل پىراكتىكانت ئوقۇغۇچى بولدى.

جېففېرسون قانۇن بىلەن ئەمدىلا ئۇچراشقان چاغدا زېرىكىشلىك تۇيغۇسىدا بولۇپ، قانۇنغا دائىر ئەسەرلەر بىلەن مەنىسىز ماددىلارنىڭ ھېچقانداق جەلپ قىلىش كۈچى يوق ئىكەن، دەپ قارايتتى. بىراق، ئۇ ۋېس پىروفېسسور كۆرسەتكەن كىتابلارنى زېرىكمەي ئوقۇپ چىقىدۇ. «ئەنگلىيە قانۇنىغا نەزەر» دېگەن ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىنىڭ بىرى ئېدھوكوكنىڭ ماقالىلىرىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قانۇننى بارا ـ بارا

ياقتۇرۇپ قىلىشقا ئاتلانغىنىنى ھېس قىلىدۇ ۋە قانۇن خۇددى شېكەر قومۇشقا ئوخشاش، چايىنىغانسېرى تاتلىق ئىكەن، دېگەن ئويغا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھەر خىل قانۇن كىتابلىرىنى ئوقۇشقا باشلايدۇ. ئۇ ۋىلىيام سىكېرد، روبېرت رېموندى، جورجى ئابدىروس قاتارلىقلار تۈزگەن ئەنگلىيە يۇقىرى سوتى بىر ياقلىق قىلغان ھەر خىل دېلو دوكلاتلىرىنى ھەمدە كامېس رودنىڭ «تارىختىكى قانۇنلار ھەققىدە»، يوھان دارلىنىڭ «سۈيۈرغال قىلىنغان يەرنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى تارىخى»، بونالد ھورنىڭ «ئادەملەر تارىخى» قاتارلىقلارنى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا تارىخ، جۇغراپىيە، سىياسىي، ئەدەبىيات ۋە تەبىئىي پەنلەرگە دائىر بىلىملەر بىلەن كەڭ تۈردە تونۇشۇپ چىقىدۇ. پۇختا ئاساسىي ماھارەت ۋە مول بىلىم ئۇنىڭ كېيىنچە ئامېرىكا ئىنقىلابىي ئىدىيەسىنىڭ رەھبىرى بولۇشقا پۇختا مەدەنىيەت ئاساسىنى يارىتىپ بېرىدۇ.

1764 ـ يىلى جېففېرسون ۋېس پىروفېسسورنىڭ يېتەكچىلىكىدە قانۇن ئۆگىنىۋاتقان مەزگىلىدە، قانۇندىكى ياش قۇرامىغا يېتىپ، دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىدە ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان مال ـ مۈلۈكنى باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئېرىشىدۇ. گەرچە ئۇنىڭ يېشى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، دادىسى ۋاپات بولغان چاغدىلا مەلۇم باشقۇرۇش تەجرىبىسىنى توپلىغانىدى. ئۇ بەزى پارچە يەرلەرنى سېتىۋېتىپ، بىر قىسىم يېڭى زېمىننى سېتىۋالىدۇ ھەمدە تۇرالغۇسىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالبېماردىكى بايلىقى كۆپىيىپ، شۇ يەردىكى ئەڭ باي غوجايىنىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق زور بايلىققا ئېرىشكەن جېففېرسون راھەت ـ پاراغەتتە ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى. لېكىن، 21 ياشلىق جېففېرسون بۇنىڭلىق بىلەن ئوقۇشنى بوشاشتۇرۇپ قويماي، يەنىلا قېتىرقىنىپ ئۆگىنىدۇ.

ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، جېففېرسون پەقەت بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭلا غوجايىنى بولۇشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ توپلىغان مول بىلىمى، يۇرتى ئالبېماردىن باشقا تېخىمۇ كەڭ ماكان ۋە يېڭى مۆجىزىلەرنى ئۇنىڭغا تونۇتقانىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئانا يۇرتىنىڭ بۇ ئىسسىق تۇپرىقىغا چوڭقۇر مۇھەببىتى بولسىمۇ، كەڭ بىپايان دۇنيا ئۇنى چوڭقۇر جەلپ قىلىۋالغانىدى.

1767 ـ يىلى جېففېرسون تۇرلۇك قىزىقتۇرۇش ۋە قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان جاسارەت بىلەن جاپالىق پراكتىكا تۇرمۇشىنى تاماملايدۇ ھەمدە ئارزۇسى بويىچە ئادۋوكاتلار قاتارىغا قېتىلىدۇ. ئالدى بىلەن ئۇ ۋىلىيامسبۇرگتا بىر ئادۋوكاتلار ئىش بېجىرىش ئورنى ئاچىدۇ. ئۆزۈن ئۆتمەي ۋېس پىروفېسسور ئۇنى ۋىلىيامسبۇرگ ئىشتاتلىق پارلامېنتقا تونۇشتۇرىدۇ. ئۇ بىر ياقلىق قىلغان دېلو تېزلا ئالبېماردىن ستانتون، ۋىنچېستېر ۋە باشقا قوشنا ناھىيەلەرگە تارقىلىدۇ. ئارقىدىنلا رىچموندقا يېتىپ بارىدۇ. ئىشتات پارلامېنتىمۇ ئۇنى رەسمىي ھۆكۈمەت تەرەپنىڭ ئادۋوكاتلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. جېففېرسون ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىنكى خاتىرىسىگە، ئۆزى بىر ياقلىق قىلغان دېلولار سانىنىڭ ئۇدا ئۆرلەۋاتقانلىقىنى خاتىرىلەيدۇ. مەسىلەن، 1 ـ يىلى قوبۇل قىلغان دېلو 68، 2 ـ يىلى 115، 3 ـ يىلى 198 گە يەتكەن. يەتتە يىللىق ئادۋوكاتلىق ھاياتىدا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 134 دېلونى قوبۇل قىلغان، شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 370 فوندستېرلىڭغا يېتىپ، ئەينى ۋاقىتتا جورجى ۋېس، پېدىردون ۋە ھېللىيدىن قالسىلا ۋىرگىنىيەدىكى ئەڭ مەشھۇر ئادۋوكات بولۇپ قالىدۇ.

جېففېرسون ئادۋوكاتلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان مەزگىلىدە، ھەق تەلەپ دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئەھمىيەت

بىرەتتى. بۇ دېلولار ئاساسەن يەر ئىگىدارچىلىق هوقۇقى، تۇرالغۇ ئۆي ۋە زېمىن ماجىرالىرى، ۋەسىيەتكە بولغان تالاش ـ تارتىش ھەمدە پات ـ پات يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ئۇرۇشۇش ۋە شەخسىيەتكە هۇجۇم قىلىش قاتارلىقلار ئىدى. ئۇنىڭ خېرىدارلىرى ئىچىدە يەرلىك بەگزادىلەرمۇ، نامرات ۋە ئاددىي پۇقرالارمۇ بار ئىدى. جېففېرسون ئاقلىغان نۇرغۇن دېلولار ئىچىدىكى ئىككى دېلو ۋىرگىنىيەدە يۈز بەرگەن چوڭ دېلو ئىدى. 1 ـ دېلو، 1770 ـ يىلى نېگىر بىلەن ئاق تەنلىكنىڭ ئارىلاشما قان تېپىدىكى بىر قۇلنىڭ ئەركىنلىكىنى قوغداش دېلوسى بولۇپ، ئۇنى ھەقسىز ئاقلىغانىدى. جېففېرسون دېلونى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن دېلو ماتېرىياللىنى كۆرۈپ، ئاقلاش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ. ئۇ سوتتا تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە 1705 ـ يىلىدىكى ۋىرگىنىيە قانۇنىنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، «1 ـ ئەۋلادتا ئارىلاشما قان تىپى دائىرىسىدىكىلەر مالاي بولسىمۇ، ئەمما پەرزەنتلىرىنىڭ ئەركىنلىككە تەسىر يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، تەبىئىي قانۇنىيەت بويىچە ھەربىر كىشى ئەركىنلىكى بىلەن تۇغۇلىدۇ. ھەربىر ئادەم بۇ دۇنياغا كەلگەندە ئۆز هوقۇقىغا ئىگە بولغان بولىدۇ. ئۇ كۆچۈش هوقۇقى ۋە ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە هوقۇقىنى ئىشلىتىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دەپ كۆرسىتىدۇ. قۇللۇق تۈزۈم ۋىرگىنىيەدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقتىن، جېففېرسوننىڭ ئاقلىشى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاخىرقى ھېساباتتا يەنىلا سوت تەرىپىدىن رەت قىلىنىدۇ. ئەمما، جېففېرسون تەشەببۇس قىلغان ھەممە ئادەمدە ئەركىنلىك بولۇش پرىنسىپى ئاشۇ يەردە بىر مەزگىل كەڭ مۇنازىرە قوزغايدۇ.

2 ـ دېلو، سوت مەھكىمىسىنىڭ دىنىي ئىشلار

توغرىسىدىكى كېسىم هوقۇقى مەسىلىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا نانسمود چېركاۋ مەمۇرىيىتىگە قاراشلىق رايوندا، رونا ئىسىملىك بىر باستېر چېركاۋدا ھەمىشە غەرق مەست بولۇۋېلىپ، بەلگىلىمىگە رىئايە قىلمىغاچقا، چېركاۋ باشقۇرۇش ھەيئىتى چىداپ تۇرالماي سوتقا ئەرز سۇنۇپ، سوتنىڭ رونانى باستېرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشنى ھەمدە جازالاشنى تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، سوت دىنىي ئىشلارغا ئارىلىششى كېرەكمۇ ـ يوق، دېگەن مەسىلىدە ئىككىلىنىپ، بۇ دېلونى دەرھال قوبۇل قىلمايدۇ. چېركاۋ باشقۇرۇش ھەيئىتى ئىلاجسىزلىقتىن جېففېرسوننى تېپىپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ سوتنى بۇ دېلونى قوبۇل قىلىشقا قايىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. جېففېرسون قانۇنىي ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ دىنىي تونغا ئورىنىۋالغان بۇ قانۇنسىز مۇرتىنى جازالاش قارارىغا كېلىدۇ ھەمدە چېركاۋ باشقۇرۇش ھەيئىتىنىڭ ئىلتىماسىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. سوتتا ئۇ، كەڭ دائىرىلىك قانۇنىي بىلىملىرى بىلەن كىلاسسىكلاردىن، خىرىستىيان دىنىنىڭ تارىخىدىن نەقىل كەلتۈرۈش ئارقىلىق، مىلادىيە 854 ـ يىلىدىكى بىر بېدئەت ھۆكۈمرانىنىڭ دىنىي ئىشلارغا ئارىلىشىش توغرىسىدىكى مىساللارنى ئىسپات قىلىپ، سوت مەھكىمىسىنىڭ «خىرىستىيان دىنىغا ئائىت ئىشلارنى كېسىم قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدىغانلىقى»نى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كەسكىن مۇنازىرە ئارقىلىق سوت مەھكىمىسى ئاخىر بۇ يەكۈنگە قوشۇلۇپ، جېففېرسون ۋە ئۇنىڭ ۋاكالەتچىلىرىنىڭ دەۋادا ئۇتۇپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 28 ياشقا كىرگەنىدى.

جېففېرسوننىڭ كەسپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ئۇنىڭ جاپاغا چىداپ ئىجتىھات بىلەن ئۆگەنگەنلىكىدىن ئايرىلمايدۇ. ياش

جېففېرسون ئاخىر دادىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جەمئىيەت ۋە كۆپچىلىكنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىدۇ. يەرلىك ھۆكۈمەتمۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ئالبېمار ناھىيەسىدىكى «ئەنگلىيە شاھ ئالىيلىرىنىڭ چەۋەندازلار ۋە پىيادە ئەسكەرلەر قوماندان»لىقىغا تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلىيام ـ مارى ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن ئالبېمار ناھىيەسىدىكى يەر ئۆلچىگۈچى بولۇپ بېكىتىلىدۇ. 1769 ـ يىلى ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلىنىپ، ۋىرگىنىيە پارلامېنتىغا كىرىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ سىياسىي ساھەگە قەدەم باسىدۇ ھەمدە ئۆزىنىڭ سىياسىي ساھەدىكى مۇرەككەپ تۇرمۇشىنى باشلاپ ئۆز ھاياتىنى مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، مىللىي ھوقۇقنى قوغداشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشقا بېغىشلايدۇ.

## سىياسىي بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىش

XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ياۋروپادا ئەنگلىيە بىلەن پىرۇسسىيە بىر تەرەپ، فىرانسىيە، رۇسىيە، شىۋېتسىيە ۋە ئاۋستىرىيە بىر تەرەپ بولغان توقۇنۇش يۈز بېرىدۇ ھەمدە قەدەممۇقەدەم يەتتە يىلغا سوزۇلغان ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇش تېزلا شىمالىي ئامېرىكىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. فىرانسىيە ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغانلىقتىن، شىمالىي ئامېرىكىدىكى كانادا، بىروتىن تۈمشۇقى ۋە مىسسۇرى دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى زېمىنىنىڭ ھەممىسى فىرانسىيەدىن ئەنگلىيەگە ئۆتۈپ كېتىدۇ.

ئۇدا بىرنەچچە يىل داۋاملاشقان ئۇرۇش ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت كۈچىنى خورىتىۋەتكەنىدى. ئەنگلىيە ئۇرۇشتىكى زىياننى

تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن شىمالىي ئامېرىكىدىن تېخىمۇ كۆپ مەبلەغ ئۇندۇرۇۋېلىشنى قارار قىلىدۇ. 1764 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى «قەنت ـ گېزەك باج قانۇنى»نى ماقۇللاپ، ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ چەت ئەلدىن ئىمپورت قىلىدىغان يېمەك ـ ئىچمەك، قەنت ـ گېزەك، هاراق، يىپەك، پاختا قاتارلىقلاردىن ئېلىنىدىغان باجنى كۆپەيتىدۇ ھەمدە ھەرقايسى مۇستەملىكىلەر بەھرىمەن بولۇۋاتقان بەزى كەچۈرۈم باج تەمىناتىنى بىكار قىلىدۇ. 1765 ـ يىلى ئەنگلىيە پارلامېنتى يەنە «ماركا بېجى قانۇنى»نى ماقۇللاپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى بارلىق گېزىت، قوللانما، گۇۋاھنامە، سودا ھۆججەتلىرى، قەرەللىك چەك، زايوم، ئېلان، كالېندار، ئىجازەت توختامى، قانۇن ھۆججەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە 0.5 پېنىستىن 20 شىللىڭغىچە ماركا باج قەغىزى چاپلاشنى بەلگىلەيدۇ. ئەنگلىيە پارلامېنتى ماقۇللىغان بۇ ئىككى قانۇن شىمالىي ئامېرىكا خەلقلىرىنىڭ باج تاپشۇرۇش يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ، مۇستەملىكىلەردىكى تۈرلۈك تىجارەتلەرگە ئېغىر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن شىمالىي ئامېرىكىدىكى ھەرقايسى مۇستەملىكىلەردە بىردىنلا «قەنت ـ گېزەك بېجى قانۇنى» بىلەن «ماركا بېجى قانۇنى»غا قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى قوزغىلىدۇ. «ئەركىنلىك گېزىتى» ھەممىلا يەردە پەيدا بولۇپ، ئاممىنى ماركا بېجى يىغىدىغان ئەمەلدارلارغا زەربە بېرىشكە ئىلھاملاندۇرىدۇ. ماركا بېجى چەكلىرىنى كۆيدۈرۈپ، ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ باج يىغىشىغا زوراۋانلىق بىلەن قارشى تۇرىدۇ. بۇ ئىنقىلاب بورىنىدا جېففېرسونمۇ قەتئىي ھالدا ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنىڭ 1 ـ سېپىدە تۇرۇپ، مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم رەھبەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ كۈچلۈك بېسىمى بىلەن، ئەنگلىيە پارلامېنتى 1766 ـ يىلى 3 ـ ئايدا يولغا قويۇشقا ئامال قىلالىمىغان «ماركا بېجى قانۇنى»نى بىكار قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بىراق، ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ. بىر يىل ئۆتمەيلا ئەنگلىيە پارلامېنتى يەنە مالىيە ۋەزىرى تانسونىنىڭ نامى بىلەن «تانسون باج قانۇنى»نى ماقۇللاپ، شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىلىرى ئىمپورت قىلىغان ئەينەك، قوغۇشۇن، چاي، قەغەز قاتارلىقلاردىن تاموژنا بېجى ئالىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، مەنىسىنى ئۆزگەرتمەسلىكىدىن ئىبارەت بۇ نەيرەڭۋازلىقى يەنە شىمالىي ئامېرىكا خەلقلىرىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ تېخىمۇ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

بۇ كۈرەشتە، ۋىرگىنىيە پارلامېنتى ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، «تانسون باج قانۇنى»غا قارشى مەيداندا چىڭ تۇرىدۇ. ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرى بۇنىڭدىن غەزەپلىنىپ، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋالىي بوتېتو پارلامېنتنىڭ تارقىتىلغانلىقىنى، يېڭىدىن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. دەسلەپكى سايلام باسقۇچىدا جېففېرسون ناھىيە بويىچە ئەڭ بىلىملىك، ئەڭ ئىجتىھاتلىق، ئومۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئەڭ كۆڭۈل بولىدىغان كىشى دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ ھەمدە پارلامېنت ئەزاسى نامزاتلىقىغا كۆرسىتىلىدۇ. سايلامدا ئۇ ئالبېمار ناھىيەسىدىكى چوڭ غوجايىن ئەھۋكاتنى يېڭىپ، تۇنجى قېتىم ۋىرگىنىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 26 ياشقا كىرگەنىدى.

1769 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جېففېرسون ھاياجانلانغان ھالدا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن خوشلىشىپ، ۋىلىيامسبۇرگقا كېلىدۇ. جېففېرسون ئۇچۇن ئېيتقاندا، ۋىلىيامسبۇرگ ئۇنىڭ ئىككىنچى يۇرتى ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئوقۇغان ۋە خىزمەت قىلغان بولۇپ، بۇ يەردىكى ھەربىر كوچىدا ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى قالغانىدى. لېكىن، ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغىنى، بۇ قېتىم ئۇ ۋىرگىنىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىق سالاھىيىتى بىلەن ۋىلىيامسبۇرگقا كەلگەنىدى. جېففېرسون پەيتۇندا ئولتۇرۇپ سىرتتىكى ئۆزىگە تونۇش بولغان كوچا مەنزىرىسىگە قارىغاچ، يېڭىدىن باشلىنىدىغان تۇرمۇشى ئۈستىدە گۈزەل ئىستەكلەرگە چۆمۈلگەنىدى، دەل شۇ كۈندىن تارتىپ ئۇ سىياسىي يولغا ئاتلىنىپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقى ھەمدە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ھاياتىنى باشلىۋەتكەنىدى.

يېڭى پارلامېنت ئېچىلغان كۈنى، جېففېرسون ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم پارلامېنت زالىغا كىرىدۇ ھەمدە ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش، مەنزىرىلەر ئۇنى روھلاندۇرىدۇ، شۇنداقلا دەككە ـ دۈككىگىمۇ سالىدۇ. پارلامېنتنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، يېڭىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن ۋىرگىنىيە ۋالىيسى بوتېتو «ئەنگلىيە پادىشاھى بەرگەن» ھوقۇق رەسمىيىتى سۆزىنى سۆزلەيدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى قائىدە بويىچە ۋالىي سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، پارلامېنت ئەزالىرى جاۋاب بېرەتتى. جېففېرسون سەھنىگە چىققان ئىكەن، ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئەنگلىيە پادىشاھى ۋە ۋالىينى ماختايدىغان بەزى سۆزلەرنى قىلمىسا بولمايتتى. بۇ ئىش ھەققانىي ھەم سەزگۈر جېففېرسوننى بەكمۇ نومۇستا قويىدۇ. كۆپ يىللاردىن كېيىن ئۇ ھەر قېتىم بۇ كۆرۈنۈشنى ئەسلىگەندە تولىمۇ بىئارام بولىدۇ.

يېڭى پارلامېنت باشتىلا بىر قېيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. يەنى ئەنگلىيە پارلامېنتى بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بىر كونا پەرماننى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۆز تېررىتورىيەسىنىڭ سىرتىدا ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ ئەنگلىيەگە قايتىپ سوتقا چىقىشى تەلەپ قىلىنغانىدى. ۋىرگىنىيە پارلامېنتى ئىككىلەنمەستىن بۇ پەرماننى رەت قىلىدۇ ھەمدە ئەنگلىيە دائىرىلىرى بۇ پەرماننى مەجبۇري ئىجرا قىلسا، بىۋاسىتە قارشىلىشىش خەۋپى كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە مۇستەملىكە پارلامېنتىدىلا مۇستەملىكە بېجى يىغىش ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ تەكىتلەيدۇ. ۋىرگىنىيە پارلامېنتىنىڭ قاتتىق پوزىتسىيەسىدىن غەزەپلەنگەن مۇستەملىكىچى دائىرىلەر پارلامېنت قۇرۇلۇپ 10 ـ كۈنى، بوتېتورنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ نۆۋەتلىك پارلامېنتنى يەنە تارقىتىۋېتىدۇ.

ۋەھالەنكى، تارقىتىۋېتىلگەن پارلامېنت كۈرەشنى توختىتىپ قويمايدۇ ھەمدە جورجى ۋاشىنگتون، پاترىك ھول، رىچارد، ھوللى ۋە توماس جېففېرسون يادرولۇقىدىكى «دانىشمەنلەر گۇرۇپپىسى»نى تەشكىل قىلىپ، ئەنگلىيە ماللىرىنى چەكلەش ھەركىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئەنگلىيە ماللىرىنى چەكلىشى ئەنگلىيە مۇستەملىكە دائىرىلىرىگە ئەجەللىك زەربە بولۇپ، ئەنگلىيەنىڭ ماشىنىسازلىق كەسپى ۋە سودىگەرلىرىنىڭ زىيىنى بىر مىليون فوندستېرلىڭغا يېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا ۋالىي بوتېتو 1769 ـ يىلى 8 ـ ئايدا يېڭىدىن پارلامېنت سايلىمى ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ . 9 ـ ئايدا سايلام نەتىجىسى چىقىپ، جېففېرسون يەنە بىر قېتىم پارلامېنت ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ.

بىراق، جېففېرسون قاتارلىقلار ئەنگلىيە بىلەن بولغان كۆرەش ئاخىرلاشمىدى، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكا خەلقىنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنى قەلبىگە پۈككەن جېففېرسون 1770 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەنە «ئىمپورت قىلماسلىق كېلىشىمى»گە ئىمزا قويۇشقا قاتنىشىپ، ئەنگلىيە چاي بېجىنى بىكار قىلمىغۇچە، ئەنگلىيەنىڭ ھەرقانداق تاۋىرىنى كىرگۈزمەيدىغانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ.

1770 ـ يىلى 10 ـ ئايدا بوتېتو ئىچكى ـ تاشقى مالىمانچىلىقتا ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بىر يىلدىن كېيىن يېڭى ۋالىي دىمور تەختكە چىقىدۇ. دىمور ئۆچىغا چىققان بيۇروكرات بولۇپ، قاتتىق ۋاستىلەر ئارقىلىق شىمالىي ئامېرىكىدىكى خەلقلەرنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ تەختكە چىقىپلا پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىپ، قايتىدىن سايلام ئۆتكۈزۈش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. 1771 ـ يىلى 11 ـ ئايدا جېففېرسون ئۈچىنچى قېتىم ۋىرگىنىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلىنىدۇ ھەمدە ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغىمۇ تەيىنلىنىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى باشقا مۇستەملىكىلەر بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، سىياسىي قاراشلار ۋە ئۇچۇرلارنى ئالماشتۇرۇپ، ئەنگلىيەگە قارشى ھەرىكەتنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئىدى. پارلامېنتنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى مۇستەملىكىچى دائىرىلەرنىڭ زىتىغا تەگكەنلىكتىن، دىمور ۋالىي غەزەپلىنىپ يەنە بىر قېتىم پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىدۇ. بىراق، شىمالىي ئامېرىكا خەلقى بۇنىڭلىق بىلەن باش ئەگمەيدۇ، ئارقىدىنلا ئۆتكۈزۈلگەن سايلامدا جېففېرسون تۆتىنچى قېتىم يەنە پارلامېنتقا كىرىدۇ.

جېففېرسون قاتارلىقلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن، خەۋەرلىشىش كومىتېتى رەسمىي خىزمەتكە كىرىشىش بىلەن

بىللە باشقا مۇستەملىكىلەرنىڭمۇ مۇشۇنداق تەشكىلات قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى. شۇنداق قىلىپ بۆلۈۋېتىلگەن 13 مۇستەملىكە خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ئورتاق نىشان ئۈچۈن ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى تۇردى.

ئەنگلىيە شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى يەنىمۇ شىلىۋېلىش ئۈچۈن مۇستەملىكىلەرنىڭ چاي سودىسىنى مونوپول قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ قىلمىش شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. 1773 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى كېچىدە، بوستوندىكى قىسمەن شەھەر ئاھالىلىرى ئىندىيانلاردەك ياسىنىپ پورتتا توختىتىپ قويۇلغان ئۈچ ئەنگلىيە سودا پاراخوتىغا چىقىپ تۇيدۇرماستىن پاراخوتتىكى چاينىڭ ھەممىسىنى دېڭىزغا تۆكۈۋەتتى. مانا بۇ مەشھۇر «بوستون چاي ۋەقەسى»دۇر.

بۇ خەۋەر لوندونغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە دائىرىلىرى قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆچ ئېلىشنى قارار قىلدى. 1774 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى بىر قاتار قەبىھ ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ بوستون پورتىنىڭ قامال قىلىنغانلىقىنى، بارلىق تاشقى سودىنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن جېففېرسون «ئەنگلىيەگە قاراشلىق شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە بايان» ماقالىسىنى يېزىپ: «ئەركىن خەلق بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئەمەلدارلارنىڭ ھىممىتىنى ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قانۇنىيەت ئاتا قىلغان ھوقۇقۇمىزنى ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇقمىز» دەپ كۆرسەتتى. ماقالە ناھايىتى راۋان يېزىلغان بولۇپ، قۇرلار ئارىسىدىن بىر خىل قارشىلىق پوزىتسىيەسى ئۇرغۇپ تۇراتتى، ماقالىدە ئەنگلىيەنىڭ شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىلىرىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش

خاراكتېرىنى ئالغان سىياسەت ۋە پەرمانلىرى قاتتىق ئەيىبلەنگەن بولۇپ، مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى كۈچەيتىدۇ. جېففېرسوننىمۇ «جېففېرسون ئەپەندىنىڭ هوقۇق لايىهەسى»نىڭ ئاپتورى دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ. بۇ ماقالە ئەنگلىيەگە يېتىپ بېرىپ، ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ هەمدە هۆكۈمەتنىڭ شىمالىي ئامېرىكىغا قاراتقان قاتتىق سىياسىتىگە زەربە بېرىدىغان ئۈنۈملۈك قورالى بولۇپ قالىدۇ.

## شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق
## هەرىكىتىنىڭ باشلامچىسى

1774 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى بۈيۈك ئىنقىلاب هارپىسىدا تۇراتتى. ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ هەيۋە قىلىشى بىلەن شىمالىي ئامېرىكا خەلقى مۇستەهكەم ئىتتىپاقلاشقان بولۇپ، كۈرەش قىزغىنلىقى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى. جېففېرسون قاتارلىق ئاز ساندىكى داهىيلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ۋىرگىنىيەدىكى هەرقايسى ناهىيەلەرنىڭ ئاهالىلىرى بەس ـ بەستە ۋەكىللەرنى سايلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ۋىلىيامسبۇرگتا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇستەملىكىلەر قۇرۇلتىيىغا قاتناشماقچى بولىدۇ.

ئالبېمار ناهىيەسىدىكى خەلق ئالدى بىلەن ئالاقىلىشىش كومىتېتىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، جېففېرسون بىلەن يوهان ۋوكنى ناهىيە ۋەكىلى قىلىپ كۆرسىتىدۇ هەمدە جېففېرسون تۈزگەن بىر قارارنى ماقۇللايدۇ. قارار قىسقىلا بولۇپ، مۇنداق يېزىلغانىدى:

«ئەنگلىيەگە قاراشلىق شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى فېدېراتسىيەلىرىدىكى ئاھالىلەر ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان چاغدا تۈزۈلگەن قانۇنغا، شۇنداقلا شۇنىڭدىن باشلاپ ئاھالىلەر ئۆزلىرى قوشۇلۇپ ھەقىقانىي سايلام ئارقىلىق سايلاپ چىقىلغان قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرى تۈزگەن قانۇنغا رىئايە قىلىدۇ؛ باشقا ھەرقانداق قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگانلىرى ئۇلارغا ھوقۇق يۈرگۈزۈشكە بولمايدۇ. بۇ، ئۇلار ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن بەھرىمەن بولىدىغان ئورتاق ھوقۇق بولۇپ، ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوبۇل قىلغان سىياسىي قانۇن ۋە پادىشاھ تارقاتقان ئىجازەتنامىدە ئېتىراپ قىلىنغان.» بۇ قارار ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىلىرىنىڭ مۇستەقىللىقىنى تەكىتلىگەن بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە جېففېرسوننىڭ شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە قوللانغان «ئىلگىرىلەش مەيدانى»نى گەۋدىلەندۇرگەنىدى. دەل مۇشۇ قارار يەنە كېلىپ «ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە بايان»نىڭ نەشر قىلىنىشى، جېففېرسوننى ئامېرىكىنى قوغدايدىغان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، ئامىمىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرىدۇ ھەمدە «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى تۈزگۈچى قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

جېففېرسون «ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە بايان»نى يېزىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1769 ـ يىلى 12 ـ ئايدا لوندوندىن يۆتكەپ كېلىنگەن بىر تۈركۈم مۇھىم كىتابلارنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە «مونتېسكيۇ ئەسەرلىرى توپلىمى»، يوھان لوكنىڭ «سىياسىينى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى ئىككى پارچە ماقالە»سى، بوراماكىنىڭ «تەبىئىي ھوقۇق قانۇنى» ۋە ئاراگون سىدونىنىڭ «سىياسىينى

ئۆگىنىش توغرىسىدا» قاتارلىقلار بار ئىدى. ئۇ بۇ كىتابلارنى سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىكى مۇھىم ئەسەر، دەپ قارايدۇ. جېففېرسون بۇنىڭ ئىچىدە سىدوننىڭ ئەسەرلىرىنى ناھايىتى قەدىرلەپ: «جۇمھۇرىيەت پرىنسىپى ئەڭ مول، پىكىر ۋايىغا يەتكەن قايىل قىلىشچانلىقى كۈچلۈك بولغان، ئەڭ ئىبىل ئىلمىي ئەسەر، بۇلار ھەر خىل ئەدەبىي ئۇسۇللار ئارقىلىق تەڭرى بەرگەن ھوقۇقنا ئاساسەن سىياسىي پرىنسىپلار بايان قىلىنغان ئەڭ ياخشى ئويغىتىش قوراللىدۇر» دەيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جېففېرسوننىڭ دېموكراتىك ئىدىيەسى XVIII ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىنىڭ دەسلەپىدە پەيدىنپەي شەكىللەنگەن.

ئۇ بارلىق ھاكىممۇتلەقلىققە، چېركاۋ ئىمتىيازىغا قارشى بولۇپ، بارلىق كونا شەيئىلەرگە بىر خىل گۇمان بىلەن قارايتتى. ئۇ ئىدىيە ئەركىنلىكى ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ ئىلاھنى ئادەملەشتۇرۇشكە قارشى ناتۇرال ئىلاھىيەتشۇناس ئىدى. ئەمما، جېففېرسون خەلقنىڭ ھوقۇقى ئەمەلدارنىڭ ھىممىتىدىن ئەمەس، بەلكى تەبىئىي قانۇنىيەتتىن كېلىدۇ، دېگەننى تەكىتلەيتتى. ئۇ تولۇپ تاشقان ھېسسىياتى بىلەن: «بىزگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان تەڭرى، ئەركىنلىكنىمۇ بىللە بەرگەن» دەيدۇ. ئۇ «تەبىئىي ھوقۇقى تەلىماتى»نى قوبۇل قىلغان تەبىئىي ھوقۇقنى قىزغىن قوللىغۇچى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئەڭ مۇھىم نەزەرىيەۋى ئاساسىنىڭ بىرى بولۇپ قالغانىدى.

شىمالىي ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ زىددىيىتى كەسكىنلىشىشتىن ئىلگىرى، جېففېرسوننىڭ قىساسكارلىقى تېشىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمگە ئىنكاس قايتۇرمايدۇ. پەقەت 1776 ـ يىلى ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى قانلىق

كۈرەش باشلانغاندىن كېيىنلا، ئاندىن بىر قەتئىي جۇمھۇرىيەتچى بولۇپ قالىدۇ.

ئۇ خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ئۇقۇمى بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، ئۇ ئۇقۇمنىڭ ئەمەلىيەتكە بەكمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھەتتا پادىشاھنىڭ ئىلاھىي ھوقۇقىدىنمۇ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. جېففېرسون لوك بىلەن مونتېسكيۇنىڭ ھوقۇقنى ئايرىش تەلىماتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچراپ، ئۆزىنىڭ بۇنداق يەكۈندىن گۇمانلىنىپ: ئەگەر ھوقۇقنىڭ چېكى بولمىسا، زوراۋانلىق كېلىپ چىقىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

جېففېرسوننىڭ يۇقىرىقى ئىدىيەسى «ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە بايان»دا گەۋدىلەنگەندى. ۋەھالەنكى، بۇ قوللانمىنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتى ئۇنىڭ بىر تارىخىي ئەسەر ياكى سىياسىي نەزەرىيەۋى ئەسەر بولغانلىقىدا بولماستىن ئاساسلىقى 1775 ـ يىلى ۋە 1776 ـ يىلىدا ئوينىغان سىياسىي تەسىرىدىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن جېففېرسوننىڭ شىمالىي ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىقىگە تەلپۈنۈش ئىدىيەسىنىڭ ناھايىتى ئېنىق ۋە كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

«بوستون چاي ۋەقەسى» يۈز بەرگەندىن كېيىن، جېففېرسون ۋەكىللىكىدىكى ۋىرگىنىيە پارلامېنت ئەزالىرى ئەنگلىيەنىڭ قاتتىق سىياسىتىدىن ناھايىتى نارازى بولىدۇ ھەمدە ئەنگلىيەنىڭ ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدا قىلغان زوراۋانلىقى پۈتكۈل شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىسىگە قىلغان زوراۋانلىقتۇر، دەپ قاراپ، مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇش ۋە قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. فىلادېلفىيە، نيۇيورك قاتارلىق جايلاردا يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، بوستون بارلىق مۇستەملىكىلەرنىڭ ئورتاق مەنپەئەتى

ئۇچۇن كۆرەش قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن نيۇيورك ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنى چاقىرىپ، مۇستەملىكىلەرنىڭ ئورتاق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن 1774 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرنىڭ بىرلەشمە يىغىنىنى فىلادېلفىيە شەھىرىدە ئېچىلىدۇ. مانا بۇ 1 ـ نۆۋەتلىك چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى ئىدى. گەرچە جېففېرسون بۇ يىغىنغا قاتناشمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇنىڭ «ئەنگلىيە ئىشغالىيىتىدىكى شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ھوقۇقى ھەققىدە بايان»ى ۋەكىللەر ئارىسىغا كەڭ تۈردە تارقىلىدۇ. ۋەكىللەر قىزغىنلىق بىلەن جېففېرسوننىڭ بۇ قوللانمىسىنى ئوقۇپ، خۇددى بىر چولپان ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىدۇ. جېففېرسوننىڭ نامىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ ھەرقايسى مۇستەملىكىلەرگە تارقىلىدۇ. ئەمما، بۇ قوللانما ئەنگلىيەگە يېتىپ بارغاندا جېففېرسوننىڭ ئىسمىمۇ لوندونغا ئېلىپ بېرىلىدىغان قارا تىزىملىككە چۈشۈپ بولىدۇ.

1 ـ نۆۋەتلىك چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەتىجىسى «بىرلەشمە»نىڭ تەشكىل قىلىنىشى، قول ئىمپورت قىلىشنىڭ چەكلىنىپ، خەلقنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان سودىنى ئۇزۇل ـ كېسىل ئۈزۈشكە چاقىرىلغانلىقى ئىدى. بۇ قارارغا ئاساسەن، ئالبېمارل ناھىيەسىمۇ سايلام ئارقىلىق 15 كىشىدىن تەركىب تاپقان بىر كومىتېتنى قۇرىدۇ. جېففېرسونمۇ سايلامدا بىرىنچى قاتارغا چىقىدۇ ھەمدە بۇ كومىتېتنىڭ تەشكىللىگۈچىسى بولۇپ قالىدۇ.

شىمالىي ئامېرىكا خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە كۈچلۈك ھەرىكىتى مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئاتلانتىك ئوكياننىڭ ئۇ قىرغىقىدىكى ئەنگلىيە پادىشاھى «يېڭى

ئىنگلاندىتكى ھۆكۈمەتلەر ھازىر مالىمانچىلىق ھالىتىدە تۇرىۋاتىدۇ، ئۇرۇش ئارقىلىق بۇ دۆلەتلەرنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتىنى ھەل قىلىشى كېرەك» دەپ جاكارلايدۇ. لېكسىڭدىن ئوق ئاۋازى بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن، شىمالىي ئامېرىكا خەلقى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىرىسىنى باتۇرلارچە كۆتۈۋالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جېففېرسون يەنە بىر قېتىم شىمالىي ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتۈپ، بۇ ئۇرۇشنىڭ بىر باتۇر جەڭچىسى بولۇپ قالىدۇ.

# 3. ئۇزۇن ھەم ئەگرى ـ توقاي مۇھەببەت يولى

## ھەسرەتلىك تۇنجى مۇھەببەت

جېففېرسون ياشلىق دەۋرىدە ئاساسلىق زېھنىي كۈچىنى ئۆگىنىش ۋە كەسپكە سەرپ قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تالانتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان، ئىجتىھاتلىق، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان، دۆلەتمەن ئائىلىنىڭ پەرزەنتى، ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ئەتىرگۈلدەك گۈزەل، كىشىنى ھەم شادلاندۇرىدىغان، ھەم ئازابلايدىغان تۇنجى مۇھەببەتنىڭ تورىغا باغلىنىپ قالغانىدى. شۇ يىلى ئۇ ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەنىدى.

بۇ چاغدا جېففېرسوننىڭ ئېگىزلىكى 6.2 ئىنگلىزچىسى بولۇپ، ئۇستىخىنى ۋىجىك كۆرۈنگەن بىلەن ساغلام ئىدى. ئاۋاق چىرايىغا قاراپ ئۇنى كېلىشكەن يىگىت دېگىلى بولمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭدىن ئەقىل نۇرى، ياشلىق ۋە شادلىق ئالامەتلىرى يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ تېرىسى قىزغۇچ بولۇپ، قىزىل قوڭۇر چاچلىرى پارقىراپ تۇراتتى. سۇس كۆك كۆزلىرىدە ئىپادىلەنگەن ھېسسىيات خۇددى سۈزۈك كۆل سۈيىدىكى بۇلۇتلاردەك جىلۋە قىلاتتى. لېكىن، جېففېرسون يات جىنسلار ئالدىدا ناھايىتى تارتىنچاق بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مۇھەببەتتە مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىدى.

جېففېرسون ياشلىق دەۋرىدە بەزى قىزلار بىلەن ئارىلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتكەن، يەنە كېلىپ بۇ قىزلار ئۇنى جەلپ قىلالمىغانلىقتىن، بۇ ئىشلار خۇددى كۆكتىكى بۇلۇتتەك بىردىنلا يوقالغانىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن مۇھەببەت ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىششقا باشلايدۇ. بىر قېتىملىق ئاددىي يىغىلىشتا، 19 ياشلىق جېففېرسون گۈزەل ۋە شوخ لىبكا بىلەن تونۇشۇپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا لىبكا 16 ياشتا ئىدى. لىبكا جېففېرسوننىڭ بىلىمگە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئاكىسىدەك ھۆرمەت قىلىدۇ. كېيىن ئىككىسىنىڭ ئالاقىسى بارا ـ بارا قويۇقلىششقا باشلايدۇ. جېففېرسون شۇ چاغدىلا لىبكا بىلەن ئىنىسىنىڭ يېتىم بالىلاردىن بولۇپ، هازىر تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلىدۇ. لىبكانىڭ پەيدا بولۇشى جېففېرسوننىڭ ھېسسىيات دەرۋازىسىنى ئېچىپ، ئۇزۇندىن بۇيان قەلبىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقان مۇھەببەت ئوتى توسۇۋالغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە يېلىنجايدۇ.

جېففېرسوننىڭ قارىشىچە، لىبكا پەرىشتىدەك سۆيۈملۈك بولۇپ، كىشىنى مەھلىيا قىلىپ، ئۇنتۇيالماس قىلىۋېتىدىكەن. جېففېرسون لىبكا ھەدىيە قىلغان رەسىمنى سائىتىنىڭ قېپىغا سېلىپ يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى ھەمدە ئۆزىنى باسالمىغان ھالدا بۇ سۆيۈملۈك قىزغا قارايتتى.

لىبكا بىلەن تونۇشۇپ ئىككىنچى يىلى، جېففېرسون كىتابنى كۆپ ئوقۇپ كۆزى ياللۇغلىنىپ قالغانلىقتىن، كىتاب ئوقۇش، خەت يېزىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆز تۇرمۇشىنىڭمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ. جېففېرسون ۋىلىيامسبۇرگ ۋە سۆيۈملۈك لىبكادىن ئايرىلىپ، چاردۋىلغا دەم ئېلىشقا كېلىدۇ. داۋالىنىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇ، ۋىلىيامسبۇرگتىكى تۇرمۇشىنى،

ئاشۇ مەسلەكداش دوستلىرىنى، ئەھمىيەتلىك كۆڭۈللىرىنى قاتتىق سېغىنىدۇ. لىبكانى كېچە ـ كۈندۈز ئەسلەپ تۇرىدۇ. كېسەللىك ئەمدىلا ياخشىلىنىشى بىلەن تاقەتسىزلىك ئىچىدە دوستى پوچقا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ جۇدالىق ئىچىدىكى ئازابلىق تۇرمۇشىنى بايان قىلىدۇ: «بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە مېنى باشتىن ـ ئاخىر چارچاتماقتا. ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئۈچ ۋاخ تاماق يېيىش، كەچتە يەنە ئۇخلاش، ئەتىسى يەنە شۇ مۇقامنى تەكرارلاش ماڭا نېسىپ بولدى.» چاردۋىلدىكى بۇ زېرىكىشلىك كۈنلەردە، جېففېرسوننىڭ لىبكاغا بولغان سېغىنىشى چېكىگە يەتكەن بولۇپ، ئاشۇ بىر جۈپ نۇرلۇق كۆز ھەتتا چۈشىدىمۇ ئايان بولاتتى.

جېففېرسون پوچقا خەت يازغاندىن كېيىن خېلىلا ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدى. ھىجران ئازابىدا قىينالغان جېففېرسون ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەپ بولۇپ مەقسەتسىزلا تاغقا چىقىپ ئايلىنىشقا باشلىدى. سۈس تۇمان بىلەن قاپلانغان چىغىر يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ياپيېشىل ئوت ـ چۆپلەرنىڭ بەرگىدە مەرۋايىتتەك شەبنەملەر يالتىراپ تۇراتتى. ئورمانلىقتىن قۇشلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ئۇيۇقتىن ئاستا ـ ئاستا ئۆرلەۋاتقان قۇياشقا قاراپ ئۇ بىرئاز تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىختىيارسىز قەدىمىنى تېزلەتتى. تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ يىراقتىكى گۈزەل مەنزىرىگە قارىغاندا كىشىنىڭ كۆڭلى ئېچىلىپ، تەپەككۇرى دولقۇنلىنىتتى. جېففېرسون بىردىنلا لىبكانى تۇنجى قېتىم كۆرگەن مەنزىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ چاغدا، جېففېرسون بىپەرۋا تۇرغاندەك كۆرۈنگەن بىلەن قەلبىدىكى ھاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى. چېكىسىدىن ئۇششاق تەر تامچىلىرى تەپچىپ تۇراتتى. بۇنداق تۇيغۇ بىر خىل ئېكسپېدىتسىيەگە ئوخشايدىغان بولۇپ، تەئەججۇپ، رومانتىكا ۋە ھەسرەتكە تولغان بولاتتى.

ئۇ كۈنى، جېففېرسون چاردۇبلدا ئۆتكۈزگەن ئەڭ كۆڭۈللۈك بىر كۈن بولغانىدى. لېكىن، شۇ كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن تاسادىپىي ئىش ياش جېففېرسوننى قاتتىق ئازابلايدۇ، شۇ كۈنى كەچتە قەلبى شادلىققا تولغان جېففېرسون خۇشال هالدا تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىدۇ. ئارتۇقچە چارچاپ كەتكەنلىكتىن بولسا كېرەك، شارقىراپ يېغىۋاتقان قارا يامغۇرمۇ ئۇنى ئويغىتالمايدۇ. سەھەر جېففېرسون ئويغانغاندا بولسا، لىبكانىڭ رەسىمى سىپىلىنغان سائەتنىڭ ئۆگزىدىن ئۆتكەن يامغۇر سۈيىگە چىلىنىپ كەتكەنلىكىنى بايقايدۇ. ئۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ سائەتنى ئاچقاندا رەسىم پۈتۈنلەي هۆل بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئالاقزەدە بولغان جېففېرسون ئامال قىلىپ رەسىمنى چىقىرىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن جىددىيلەشكىنىدىن قوللىرى تىترەپ كېتىپ رەسىم يىرتىلىپ كېتىدۇ. ئۇ لىبكانىڭ يىرتىق رەسىمىگە قاراپ قاتتىق ئازابلىنىش ۋە يېتىمسىرەش تۇيغۇسىغا چۆمىدۇ. بۇ ئىشتىن كېيىن، جېففېرسون لىبكادىن يەنە بىر پارچە رەسىم ئېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن هەددىدىن زىيادە تارتىنچاقلىقى تۈپەيلى زادىلا ئېغىز ئاچالمايدۇ. جېففېرسون، بۇ لىبكانىڭ مۇھەببىتىدىن مەھرۇم قېلىشنىڭ باشلىنىشى ئىكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيدۇ.

جېففېرسوننىڭ كۆزى ياخشىلانغاندىن كېيىن، لىبكانى ئىنتايىن كۆرگۈسى بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي كۆرۈشۈشتىن يەنىلا قورقىدۇ. جېففېرسون ئامالسىزلىق ئىچىدە پوچقا يەنە بىر قېتىم خەت يېزىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىشنى ئۆتۈنىدۇ ھەمدە: «ئۇنىڭغا ئېيتىشىم كېرەك، بۇنداق سېغىنىش ئىچىدىلا كېتىۋەرمەسلىكىم، ئۇنىڭ كېسىمىنى قوبۇل قىلىشىم كېرەك. بىراق، ئەقلىم ماڭا بارساڭلا ئۈمىدىڭ يوققا چىقىدۇ، ئۇ چاغدا ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ ئارتۇق ھەسرەتكە قالىسەن. دېمەك...»

دەپ يازىدۇ. ئۇ خېتىدە ھەتتا پوچىنىڭ ئۆزىنى پاراخوت بىلەن ئەنگلىيەگە بىللە ئاپىرىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ۋەھالەنكى، لىبكا ئۇ يەردە ئەمەس بولسىمۇ، جېففېرسون ئۇ پاراخوتنى «لىبكا ناملىق پاراخوت» دەپ ئاتىشى ئېنىق ئىدى. ئاخىر جېففېرسون پوچقا ھەسرەت بىلەن مۇنۇلارنى ئېيتىدۇ: «بۇنداق كېتىۋېرىپ جاندىن ئايرىلاي دېدىم، باشقا ئامال بولمىسا، مەن تۇرمۇشتىن تويدۇم. مەن ساڭا بۇ خەتنى يېزىۋاتقان چېغىمدا گەرچە تىرىك بولساممۇ، ئەقلىمنى يوقىتاي دەپ قالغان بولىمەن.» پوچ جېففېرسونغا تېزدىن جاۋاب خەت يېزىپ: «ھازىر يەنە ھېلىقى جىق كىشىلەر لىبكانى قوغلاشماقتا» دىدۇ ھەمدە جېففېرسونغا دەرھال ۋىلىيامسبۇرگقا قايتىپ، «تۇرلۇك ئاماللار بىلەن ئۇنى قوغلىشىش» تەكلىپىنى بېرىدۇ.

پوچىنىڭ جاۋاب خېتى جېففېرسوننى ئاخىر لىبكانى ئىزدەش قارارىغا كەلتۈرىدۇ. 1763 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جېففېرسون ئۈمىد ۋە تەشنالىق ئىلكىدە ۋىلىيامسبۇرگقا قايتىپ كېلىدۇ. ئاخشىمى ئۇ خۇددى تەڭرى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندەكلا، لىلى قاۋاقخانىسىنىڭ ئابرو زالىدا لىبكا بىلەن تاسادىپىيلا ئۇچرىشىپ قالىدۇ. جېففېرسون لىبكانى تانسا ئويناشقا تەكلىپ قىلىدۇ. ئۇ تەستە قولغا كېلىدىغان مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ لىبكاغا سۆيگۈ ئىزھار قىلىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ. لېكىن، ئۇ لىبكا بىلەن تانسا ئويناۋېتىپ دېمەكچى بولغان گەپلىرىنىڭ بىرىنىمۇ تاپالمايدۇ. شۇ ئاخشىمى لىبكانىڭ ئالدىدا جېففېرسوننىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، تاغدىن ـ باغدىن گەپ قىلىدۇ، ھەتتا نېمە دەۋاتقانلىقىنىمۇ بىلەلمەيدۇ.

ئىككىنچى كۈنى، جېففېرسوننىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەنلەپ كېتىدۇ. ئۇ پوچىنى تېپىپ: «تۈنۈگۈن ئاخشام لىبكا بىلەن ئابرو زالىدا تانسا ئوينىغان، ئويۇن ناھايىتى كۆڭۈللۈك

بولغانىدى. ئەتىسىلا بۇنىداق بىچارە ھالغا چۈشۈپ قېلىشىمنى ئويلىماپتىمەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە «توۋا، شۇ چاغدا پۈتۈن كۈچۈمنى ئىشقا سالغان بولسامىمۇ، بىرنەچچە ئېغىز گەپمۇ قىلالمىدىم، قىلغان سۆزلىرىم زادىلا باغلاشمىدى» دەيدۇ. دېمىسىمۇ، جېففېرسون ئەڭ ئەنسىرەيدىغان ئىش ئاخىر يۈز بېرىدۇ، لېكىن ئۇنى رەت قىلغانىدى.

پوچ جېففېرسونغا تەسەللى بېرىپ، لېكىنى يەنە بىر قېتىم ئىزدەپ بېقىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئەمما، جېففېرسون: «يەنە ئىزدىگەن بىلەنمۇ پايدىسى بولماسلىقى مۇمكىن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. قارىغاندا ئۇ پۈتۈنلەي ئۈمىدسىنى ئۈزگەندەك قىلاتتى. مۇھەببەتتىن ئازار يېگەن جېففېرسوننىڭ تۇتقاقلىق باش ئاغرىقى يەنە قوزغىلىدۇ.

ئازابلىق تۇرمۇش ئارقىلىق ئۇ ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى ۋە ئىلھام بېرىشنى ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىۋالىدۇ. ئۇ ئۆزىگە نەسىھەت قىلىپ: «پەرۋەردىگار دۇنياغا ياراتقان بەندىلىرى ئىچىدە، ھېچكىمنىڭ تەلتۆكۈس بەختلىك بولۇشىنى خالىمايدۇ» دەيدۇ. جېففېرسون ئەمەلىيەتتە مەشۇقسىز ئاشىق ئىدى. لېكىن جېففېرسونغا ھېچقانچە قىزىقمايلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇنتالمايدىغان دەرىجىدە سېغىنىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ جېففېرسونغا بىر دوستى قاتارىدا مۇئامىلە قىلاتتىكى، ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئەمما، جېففېرسوننىڭ ھېلىقى ئاخشىمى ئۇنىڭغا سۆيگۈ ئىزھار قىلغان چاغدىكى «رەسۋاچىلىقى» ئۇنى تېخىمۇ ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى.

كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بەئەينى بىر ئازدۇرۇش بىلەن تولغان كالېيدوسكوپقا ئوخشايدۇ. ئادەملەر بۇ رەڭگارەڭ دۇنيادىن

ئۆزىنىڭ يۇلتۇزىنى ئىزدەيدۇ. يۇلتۇزىنى توغرا تاپالمىغانلار ھەسرەتتە قالىدۇ.

20 ياشلىق جېففېرسون يالقۇنجاپ تۇرغان، تۇنجى مۇھەببەتنىڭ لىققىدە قويۇلغان ئاچچىق شارابىنى ئامالسىز ئىچىۋېتىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەي لىبكا جوكلىن ئانبورل بىلەن توي قىلىدۇ.

4 ـ ئايدىكى بىر قېتىملىق تاسادىپىي كەچلىك ئائىلە مۇراسىمىدا جېففېرسون ئانبورل خانىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. راستتىنلا «رەقىبلەر تار يولدا ئۇچراشقان»دەك، بۇ ئىشتا كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان لىبكا ئۇنىڭ ئالدىدا پەيدا بولغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ بوشاڭلىق قىلغىنىدىن قاتتىق ئۆكۈنىدۇ. جېففېرسون كېيىن ئەسلەپ، ئەينى ۋاقىتتا كاللام قوپقۇرۇق بولۇپ، ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولغانىدىم، دېگەنىدى.

## بەختلىك نىكاھ

جېففېرسون ھېسسىياتقا باي ئادەم بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەتتىكى ئوڭۇشسىزلىق ئۇنى چۈشكۈنلەشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ بىردىنلا ئەمدى قاراملىق بىلەن ئىش قىلمايدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇ تۇرمۇشنىڭ ئادالەتسىزلىكىدىن ئازابلىنىپ، كېچە ـ كۈندۈز كىتابخانىدا ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزىگە كىتابتىن تەسەللى تاپماقچى بولىدۇ.

بەزىدە، پېشانىگە يېزىلغاننى كۆرمەيمۇ بولمايدۇ. جېففېرسون 27 ياشقا كىرگەن يىلى، چىرايلىق بىر قىز ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا بۆسۈپ كىرىدۇ. قىزنىڭ بىر جۈپ كۆزى خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. جېففېرسوننىڭ مۇزلىغان قەلب ئاسمىنىدا ئاخىر بىر قۇياش پەيدا بولغانىدى.

ۋىرگىنىيە پارلامېنتىنىڭ ئەزاسى جېففېرسون خىزمەت ئېھتىياجى بىلەن يوھان ۋېرلىس دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە ھەمىشە بېرىپ تۇراتتى. يەنە كېلىپ كەسپىي مۇناسىۋىتىمۇ بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ يوھان ۋېرلىسنىڭ قىزى ماشا بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى.

يوھان ۋېرلىس بىر بىلىملىك ئادۋوكات بولۇپ، دۆلەتمەن كىشى ئىدى. ئۇنىڭ 10 نەچچە ئېكىنزارلىقى، 400 دىن ئارتۇق قۇلى بار ئىدى. ۋېرلىس ئەپەندى ئېتىراپ قىلىنغان «تىرىشچان، چەبدەس» ئادەم ئىدى.

ماشا ناھايىتى چىرايلىق بولۇپ، بويى ئوتتۇرا بوي، ۋىجىكرەك قىز بولۇشىغا قارىماي، «كېلىشكەن، ئايال شاھلاردەك سالاپەت»كە ئىگە ئىدى. سۇس قوڭۇر كۆز قارىچۇقى ۋە سارغۇچ چاچلىرى ئاپئاق تېرىسىگە ياراشقانىدى.

ئۇ 18 يېشىدا باربىت سىكارتون بىلەن توي قىلىپ، ئىككىنچى يىلى بىر ئوغۇل تۇغقان بولۇپ، 20 ياشقا كىرمەي تۇرۇپلا تۇل قالدۇ. ئۇنىڭ بۇ نىكاھ ئىشى ئاران 22 ئايلا داۋاملىشىدۇ. ئۇ جېففېرسون بىلەن توي قىلغاندا جېك سىكارتون ئىسىملىك تۆت ياشلىق ئوغلىنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ئۇنىڭ ئېرى باربىت جېففېرسوننىڭ ۋىلىيام - مارى ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇغان چاغدىكى كونا تونۇشى ئىدى. پات - پات بېرىپ - كېلىش جەريانىدا ياش ساھىبجامال ماشا جېففېرسوننىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. كۆپ ئىقتىدارلىق ماشا قەدىمىي پىيانىنونى چېلىپلا قالماستىن، ناخشىنىمۇ يېقىملىق ئېيتاتتى. مۇزىكا مەستانىسى جېففېرسون بۇ سەۋەبلىك ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەسىر بولۇپ قالىدۇ. بىركۈنى، بىرنەچچە ياش ۋېرلىسنىڭ ئۆيىدە ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ماشانىڭ چوقۇنغۇچىلىرى كۆپ ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا «مۇھەببەت

رەقىبلىرى» خېلى قاتتىق گەپلەرنى قىلىشىدۇ. چاتاق چىقىشىنى سەزگەن جېففېرسون ئەپچىللىك بىلەن كىتابخانىدىن چىقىپ، مېھمانخانىدىكى پىيانىنونىڭ ئالدىغا كېلىدۇ ـ دە، ئۇنلۇك ناخشا ئېيتىشقا باشلايدۇ. جېففېرسونىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ماشانىڭ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كېتىدۇ. ئىككىيلەن پىيانىنوغا تەڭكەش قىلىپ ئاۋازىنى قويۇۋېتىدۇ. ئىككىسى بىر مۇزىكا تۈگىشى بىلەن يەنە بىرنى چېلىپ چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىدۇ.

جېففېرسون 1770 ـ يىلى يەنە بىر قېتىم مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولىدۇ. بۇ قېتىمقىسى ناھايىتى ئېنىق بولۇپ يەتتە يىل ئىلگىرىكى گۈڭگا چۈشكە ئوخشىمايتتى. بۇ چاغدا جېففېرسون 27 ياشتا ئىدى.

جېففېرسون ئۇنىڭغا ئەينى ۋاقىتتىكى «ئۆرپ ـ ئادەت» بويىچە توي قىلىش تەكلىپى قويغاندا، ماشا يا ماقۇللۇق بىلدۈرمەيدۇ، يا ئېنىق رەت قىلمايدۇ. كېسىپ رەت قىلىشنىڭ ئازابىنى باشتىن كەچۈرگەن جېففېرسوندا ئۈمىد ئوتى يېنىشقا باشلايدۇ. ئۇ ماشا بىلەن تونۇشۇپ بىر يىلدىن كېيىن، بىر دوستىغا سەمىمىيلىك بىلەن: «مېنىڭ ھەربىر بەختلىك تۇرمۇش لايىھەمدە، ئۇ ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ناۋادا ماشا بولمايدىكەن، ئۇ مېنىڭ تۇرمۇش لايىھەم ئەمەس» دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى.

جېففېرسون جاھىللىق بىلەن قوغلىشىش ئارقىلىق ئاخىر مۇرادىغا يېتىدۇ.

1772 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئىللىق بىركۈنى ئۇلار ماشانىڭ ئۆيىدە — ۋىلىيامسبۇرگنىڭ غەربىدىن بىرنەچچە مىل يىراقلىقتىكى چارلىس شەھىرىدە توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ 1772 ـ يىلىنىڭ يېڭى يىل بايرىمى كۈنى ئىدى. ئۇ چاغدا ماشا 23 ياش، جېففېرسون 28 ياشتا ئىدى. ماشانىڭ روبېرت

سكپوۋرس ئىسىملىك بىر شىرەم تۇغقىنى ئۇلار توي قىلىشتىن ئىلگىرى جېففېرسونغا: «ئۇ مىجەزى ياخشى، تېتىك، غەرەز ئۇقمىدىغان ئايال، سېنىڭ باشقىلار بەھرىمەن بولالايدىغان ئەڭ چوڭ بەختتىن بەھرىمەن بولالايدىغانلىقىڭغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ» دېگەنىدى.

توي قىلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، ئۇلار ئوغلىنى قالدۇرۇپ 400 مىل يىراقلىقتىكى مونتىسلوغا كېلىدۇ ھەمدە توكاھودىكى روندۇۋانىڭ ئائىلىسىنى يوقلايدۇ. بىراق، ماندىسلوغا قايتىدىغان چاغدا قار شىۋىرغانىنىڭ تەسىرى بىلەن پەيتونغا چىقىشقا ئامالسىز قېلىپ، ئاتلىق قايتىپ كېلىدۇ. گەرچە شۇ چاغدىكى سوغۇق شامال قارلارنى ئۇچۇرۇپ ئەگرى - توقاي تاغ يوللىرىدا مېڭىشنى قىيىنلاشتۇرغان ھەمدە كەچ كىرىپ قېلىۋاتقان بولسىمۇ، جېففېرسون خۇشاللىققا چۆمگەن بولۇپ، ۋۇجۇدىدا ئىسسىق قېنى ئۇرغۇپ تۇراتتى.

جېففېرسوننىڭ چوڭ قىزى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قاش قارايغاندا بوللىھىدىن ئايرىلىپ، بىر تاغ يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. قار بارغانسېرى كۆچىيىپ، يەر يۈزىدىكى قارنىڭ قېلىنلىقى 18 ئىنگلىز سۇڭدىن ئىككى ئىنگلىز چىسىغىچە يەتكەن بولۇپ، مونتىسلوغا يەنە سەككىز مىلى بار ئىدى. ئۇلار ئۆيگە كەلگەندە تۈن يېرىم بولغان بولۇپ، تام مەشتىكى ئوتمۇ ئۆچۈپ بولغانىدى. مالايلارمۇ ئۆز ھۇجرىلىرىغا كىرىپ ئۇيقۇغا كېتىشكەنىدى. مەن كېيىن ئۇلارنىڭ بۇ قېتىمقى سوغۇق ۋە قورقۇنچلۇق سەپىرىنى سۆزلەشكىنىنى كۆپ قېتىم ئاڭلىغانىدىم.»

ئەتىسى ئۇلار ئويغانغاندا، بىپايان دالا ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن بولۇپ، قارنىڭ قېلىنلىقى ئۈچ ئىنگلىز چىسىغا يەتكەنىدى. جېففېرسون يېڭى توي قىلغانلاردا بولىدىغان گۈزەل

تۆيغۇ ئىلىكىدە، ھاياتىنىڭ شادلىقىدىن بەھرىمەن بولدى. ئۇ ئائىلىسىگە قىيالمىغانلىقتىن ۋىلىيامسبۇرگ پارلامېنتىغا قايتالماي، ئىككىنچى ئايلىق پارلامېنت يىغىنىنىڭ ھېچقايسىسىغا قاتنىشالمايدۇ. بۇ ئۇنىڭ خوتۇننى تۇنجى قېتىم سىياسىيدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويۇشى بولسىمۇ، لېكىن ھەرگىز ئاخىرقى قېتىملىقى ئەمەس ئىدى.

جېففېرسون ماشا بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن مونتىسلوغا كۆچۈپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەخت ۋە ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ.

بۇ يەردە جېففېرسوننىڭ «مونتىسلو تۇرالغۇسى»نى تونۇشتۇرۇش زۆرۈر.

جېففېرسون بۇرۇنلا بىر شەخسىي ئۆي سېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، 1767 ـ يىلى ئۆزى ۋىرگىنىيە ئادۋوكاتى دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلىنغاندىن كېيىنلا، كەلگۈسىدىكى تۇرالغۇ جاينى ئەستايىدىل پىلانلاشقا باشلايدۇ.

ئۇنىڭ پىلانىدا، شەھەر مەركىزىدىكى داچا بولماستىن، بەلكى ئەدەبىي گۈللىنىش دەۋرىدىكىگە ئوخشاش قورۇ بولۇپ، تۇجۇپىلەپ لايىھەلەنگەن گۈللۈك، مېۋىلىك باغ ۋە قاشالىق بوغا سولانغان شىكار قىلىش مەيدانى بار ئىدى.

ئۇ 1767 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈندىكى «باغۋەنچىلىك خاتىرىسى»دە مونتىسلو دېگەن ئىسىمنى تۇنجى قېتىم تىلغا ئالىدۇ. مونتىسلو بىلەن جېففېرسوننىڭ تۇغۇلغان يۇرتى چاردۋىلنىڭ ئارىلىقى 1.5 مىلىدىن ئاشمايتتى.

جېففېرسون سۆيۈملۈك مونتىسلو قورۇسىنى بىنا قىلىشقا قاتتىق بېرىلىپ كەتكەنىدى. بۇ بىر ئىجادىي خىزمەت بولۇپ ھەم كىشىنى مەھلىيە قىلىدىغان بىر خىل قىزىقىش، ھەم بىر قېتىملىق كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان ئىجادىيەت ئىدى. ئۇنىڭ

سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «سىز ئۇ يەردە تەبىئەت بىلەن قايتا ئۇچرىشالايسىز، كۆز ئالدىڭىزدا گۈزەل كۆرۈنۈشلەر جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.» مونتىسلونى ئەسكە ئالغاندا، ئۇ چوڭقۇر ھېسسىيات بىلەن: «مېنىڭ بارلىق ئىستەكلىرىم ئاخىرلاشقاندا، ھاياتىمنىڭمۇ مونتىسلودا ئاخىرلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن» دەيدۇ. مونتىسلو قورۇسى پەقەت ئۇنىڭ خىيالىدىكى جەننەت بولۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ماكانى ئىدى.

1768 ـ يىلى جېففېرسون تاغ چوققىسىدىن يەر تۈزلىتىپ، ئىككىنچى يىلى ئۆي سېلىشقا باشلايدۇ. 1770 ـ يىلى 11 ـ ئايغا كەلگەندە تۇنجى تۇرالغۇ ئۆي ئاساسەن پۈتىدۇ. شۇ يىلى جېففېرسون ئوتتۇرىغا تۆر ئۆينى، ئىككى تەرىپىگە زال سېلىشنى قارار قىلىدۇ. ئۆينىڭ لايىھەسىنى ئۆزى سىزغان بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئىككى قەۋەتلىك تۆۋرۈكلۈك ئايۋان بولۇپ، تۆۋرۈكنىڭ شەكلى ئىككى خىل ئىدى. خېلى پۇختا تولىمۇ شەكىلدىكى تۆۋرۈك بېشىنى ئۇۋىنا شەكىللىك تۆۋرۈك تىرەپ تۇراتتى. بۇ پارادىئو پاسونى ئىدى.

ئۇ ماشا بىلەن توي قىلغان 10 يىلدا مونتىسلو قورۇسىنى داۋاملىق ياسايدۇ. ھەتتا ماشا ئالەمدىن ئۆتكەن چاغدىمۇ ياساپ بولالمايدۇ. مونتىسلونى نەچچە 10 يىل ياسايدۇ، ھەتتا 40 يىلدىن كېيىنمۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى لايىھە شەكلىنى پۈتتۈرەلمەيدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، جېففېرسون پۈتۈن ئۆمرىدە ئۆزىنىڭ پاناھگاھىنى رېمونت قىلىدۇ.

جېففېرسون خېلى بىر قىسىم زېھنىي كۈچىنى مونتىسلو قورۇسىغا سەرپ قىلىدۇ، ئۇ تاغ ئۈستىگە ئۆي سېلىشنى 1767 ـ يىلىدىن باشلاپ پىلانلىغان بولۇپ، 1770 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە كۆچۈپ كىرىدۇ. ئۇ 21 پارچە لايىھە خەرىتىسى سىزغان بولۇپ، باشقا ئالتە پارچىسىنى تەخمىنەن 1771 ـ

يىلىنىڭ دەسلىپىدە سىزغانىدى. ئالىملار يۇقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، ئۇ سىزغان موندىسلو ئىمارەتلىرى، قايتا سېلىش ۋە ئۆزگەرتىش خەرىتىلىرى ھەمدە ئۆلچەش خەرىتىلىرى بولۇپ 200 پارچىدىن ئاشىدۇ، دەپ قاراشقانىدى.

موندىسلودىكى جېففېرسون ئىجاد قىلغان بىرىنچى تۇردىكى قۇرۇلۇش كۆركەم بولمىسىمۇ، ئەمما ئەڭ مۇستەقىل ئىجادىيلىقتا ئىگە دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. گەرچە جېففېرسون ئاندىرىيا پارادىئونىڭ بىناكارلىقتا ئائىت تۆت كىتابى قاتارلىق نۇرغۇن كىتابلاردىن پايدىلانغان بولسىمۇ، ئەسلا تەقلىد قىلمىغانىدى. ئۇ توپوگراف، لايىھەلىگۈچى، ئىنژېنېر ۋە كارتوگراف ئىدى. بۇ بىنا ھازىرغا قەدەر يورۇتۇش، ئۇسلۇب ۋە سىممېترىيە جەھەتتە مەشھۇردۇر.

جېففېرسون ھاياتىدا بىناكارلىقتا ناھايىتى ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، ئامېرىكىدىكى «تۇنجى يەرلىك بىناكار» دەپ ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئۇ كىلاسسىك بىناكارلىق مۇتەخەسسىسى بولۇپ، ھەرگىز مۇتەئەسسىپ دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنىڭ قۇرۇلۇش لايىھەلەش ئۇسلۇبى ۋىرگىنىيە بىلەن دەۋرداش باشقا قۇرۇلۇش مۇتەخەسسىسلىرىگە زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئۇسلۇبى ئىنقىلابىيلىقتا ئىگە ئەمەس بولۇپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئامېرىكا قۇرۇلۇشلىرى ئىچىدە ئەڭ ئۆزگىچىدۇر. فىرانسىيە پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى ماركوس چاستىركىس 1780 ـ يىلى موندىسلونى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندىن كېيىن، جېففېرسون بىلەن بۇ بىنانىڭ ئۆزىنى چوڭقۇر مەھلىيا قىلىۋالغانلىقىنى ئېيتقان ھەمدە: «جېففېرسون ئەپەندى ئەڭ مەشھۇر ئامېرىكىلىق، ئۇ نەپىس سەنئەتنى بىناكارلىق بىلەن مۇكەممەل بىرلەشتۈرگەن» دەپ تەرىپلىگەنىدى. كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلىگەن بۇ قورۇنىڭ

ئوتتۇرىسىدا جېففېرسون يېڭى توي قىلغاندا خوتۇنىغا ئېلىپ بەرگەن پىيانىنو قويۇلغانىدى. ئۇ ۋىلىيامسبۇرگقا ئويۇن قويغىلى كەلگەن ئىتالىيەلىك مۇزىكانت فىرانس ئەبدنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ پىيانىنو چېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ ھەمدە ماشاغا پىيانىنو چېلىشنى ئۆگىتىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلار بىركۈندە ئۈچ سائەت مەشىق قىلاتتى. ئەر - خوتون ئىككىيلەن بىر - بىرىگە جور بولۇپ، خۇشاللىقنى ئەۋجىگە كۆتۈرەتتى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ مۇزىكا مەستانىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى.

جېففېرسون مونتىسلودا ئاقسۆڭەكلەرچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. نازىنىن خوتۇنى بىلەن ئېسىل شاراب ئۇنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. ئۇ مەخمەلدەك ياپېشىل چىمەنلىكتە پەلسەپىۋى كىتابلارنى ئوقۇيتتى، خوتۇنى بىلەن مۇزىكا تىوغرىسىدا سۆزلىشىپ، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتاتتى. مۇڭلۇق پاراڭلارنى قىلىشىپ، گۈزەل دەقىقىلەردىن ھۇزۇرلىناتتى.

ماشانىڭ ئوچۇق مىجەز، گۈزەل رۇخسارى، جېففېرسوننى مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. ئۇ يەنە چېقىشقاق، ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، ئېرىنىڭ دوستلىرىغا قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇ جېففېرسونغا ئازادە، كۆڭۈللۈك، بەختلىك بىر ئائىلە ئاتا قىلغانىدى.

ماشا مۆتىۋەر ئائىلىنىڭ قىزى بولۇپ، دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ تىجارىتىنى قانداق قىلىشنى، قورۇنى قانداق باشقۇرۇشنى، مېھماننى قانداق كۈتۈشنى بىلىپلا قالماستىن، يەنە ھېساباتنىمۇ ئۇقاتتى. ئومۇمەن ئۇ ئائىلە ئىشلىرىنى تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇراتتى. بۇ جېففېرسوننىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋاقتىنى ئۆز ئىشلىرىغا ئاجرىتىشقا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنىدى.

جېففېرسون يەنە ياخشى قېيىنئاتىغا ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ نەزەرىدە قېيىنئاتىسى «ئەڭ قائىدە بىلىدىغان، ئوچۇق، يۇمۇرىستىك ئادەم بولۇپ، قارشى ئېلىنىدىغان كىشى» ئىدى. پېشقەدەم ۋېرلىسمۇ جېففېرسونغا ناھايىتى قىزىقاتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە بىلىمگە تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيتتى. ۋېرلىس يەنە جېففېرسوننىڭ دادىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئىجرا قىلىدىغان مەخسۇس ئادىمى ئىدى.

ماشا بىلەن توي قىلىپ، ئۇنىڭ بايلىقى تېزدىن كۆپىيىدۇ. 1773 ـ يىلى ۋېرلىس ئۆلگەندىن كېيىن جېففېرسون 135 قۇلغا ئىگە بولۇپ قالماستىن، يەنە 11000 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىنغا ئىگە بولىدۇ. جېففېرسوننىڭ ئەسلىدە 5000 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىنى ۋە 50 قۇلى بار ئىدى. بىراق، قېيىنئاتىسىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن 11 مىڭ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىنىنىڭ يېرىمىنى سېتىۋېتىپ، ئۈچ ئېكىنزارلىقىنى، يەنى بىدفو ناھىيەسىدىكى بوپۇرا ئورمانلىقى، ئېلكو ئارىلى ۋە قەدىمىي ھىلاندىكى ئېلكو تېغى ھەمدە موندىسلونى قالدۇرۇپ قويغانىدى. بۇنىڭ بىلەن جېففېرسون ۋىرگىنىيەدىكى ئەڭ چوڭ زېمىن ئىگىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

1772 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ماشانىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان ئوغلى جېك سكارتون ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئېغىر زەربىگە ئۇچرىغان ماشا تولىمۇ غېرىبسىنىپ قالىدۇ. بۇ ئىشتىن ئۈچ ئاي ئۆتكەندىن كېيىنكى 1772 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى ئۇ جېففېرسونغا بىر قىز تۇغۇپ بېرىدۇ. ئۇنى ھەم ماشا، ھەم پاچى دەپ ئاتايدۇ. ئۇ تۇغۇلۇپ ئانىسىنى ئەممىگەچكە، ئۇنىڭغا ئېنىكئانا تېپىپ بېرىدۇ. كېيىن ئۇ ناھايىتى ساغلام ۋە تېتىك

چوڭ بولىدۇ. 1774 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئىككىنچى قىزى جون راندولپ تۇغۇلىدۇ.

ماشا جېففېرسون بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن 10 يىلدا، جەمئىي ئالتە بالا تۇغىدۇ، بۇنىڭ ئۈچى بوۋاق چېغىدىلا، بىرى بالىلىق چېغىدا ئۆلۈپ كېتىپ ئىككىلا پەرزەنتى قاتارغا قوشۇلىدۇ. شۇڭا، جېففېرسون ئۆمرىدە كۆپ قېتىم مۇسىبەتنىڭ زەربىسىگە ئۇچرايدۇ.

# 4. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ باتۇر جەڭچىسى

## مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنى تۈزۈش

1775 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، رىكشىندوندىكى ئوق ئاۋازى شىمالىي ئامېرىكا مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىدى. 5 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى 2 ـ نۆۋەتلىك چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى ئېچىلدى. جېففېرسون يول ئۈستىدە بولۇپ، چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا بوستون خەلق ئەسكەرلىرىنى چوڭ قۇرۇلتاي قوشۇنى قىلىش قارار قىلىنىپ، جورجى ۋاشىنگتون قۇرۇلتاي ئارمىيە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ئۇ چاغدا جېففېرسون يىغىننىڭ كېيىنكى ئىككى كۈنگە ئۈلگۈرگەن بولۇپ، گېنېرال ۋاشىنگتون قۇرۇلتاي ئارمىيە باش قوماندانلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. گېنېرال ۋاشىنگتون داقا ـ دۇمباق ساداسى ۋە ئاممىنىڭ ئالقىش ساداسى ئىچىدە، فىلادېلفىيەدىن بوستونغا كېلىدۇ. ئۇ چاغدا، مۇستەملىكە خەلقلىرىنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى تېشىپ تۇرغانلىقتىن، ھەممىلا يەردە ئۇرۇش توغرۇلۇق قىزغىن مۇنازىرىلەر بولۇۋاتاتتى. تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش ئۈمىدى ئىشەنچسىز بولۇپ، كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىشىدە، پەقەت ئۇرۇش قىلىشقا توغرا كېلەتتى.

جېففېرسوننىڭ يېزىقچىلىق ئىقتىدارى، ئۇ چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتنىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆز ئورنىنى تاپتى. يىغىن

مەيدانىدا جېففېرسوننىڭ يېنىدا ئولتۇرغىنى ئىشتات باشلىقى لىۋىستون بولۇپ، ئۇ باشتىلا جېففېرسوننىڭ يىغىن ھۆججەتلىرىنى تۈزۈش خىزمىتىگە قاتنىشىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. «نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغانلىقىمغا ئىشىنىسىز؟» «چۈنكى، سىزنىڭ مۇنەۋۋەر ماقالىلەرنى يازىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن، بىز ئەلۋەتتە مۇنەۋۋەر ئاپتورلارنىڭ قاتنىشىشىغا موھتاج.»

جېففېرسون چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىغا قاتناشقان دەسلەپكى ئالتە ھەپتىدە، يىغىندا ماقۇللانغان ئىككى مۇھىم ھۆججەتنى تۈزۈشتە مۇھىم رول ئوينىغانىدى. بۇ ئىككى ھۆججەت مۇستەملىكىدىكى كېيىنلەر ئارقىلىق كەڭ تارقالغانىدى. گەرچە چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىنىڭ بۇ ئىككى ھۆججىتىگە، ئاساسلىق قەلەم تەۋرەتكۈچىنىڭ بىرى بولغان جېففېرسوننىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما يىغىن ۋەكىللىرى ئۇنىڭدىن جېففېرسوننىڭ ئەدەبىي تالانتى ۋە ئۇرۇش توغرىسىدىكى بايانلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئامېرىكىغا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى كۆرۈۋالغانىدى. ئۇ بارا ـ بارا چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىدىكى كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان شەخسنىڭ بىرى بولۇپ قالدى ھەمدە ئىنقىلابچىلارنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇردى.

چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنى نوسسى لورزدىنىڭ تەكلىپىدىكى «جاۋاب»نى ماقۇللىغاندىن كېيىن 9 ـ ئاينىڭ باشلىرى، جېففېرسون ۋىرگىنىيەگە قايتىپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا، ۋىرگىنىيەنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش ئورگىنى بولغان ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى رىچوندتا ئېچىلىۋاتاتتى. جېففېرسون ئالبېمارنىڭ ۋەكىلى بولغانلىقتىن، دەرھال موندىسلوغا قايتمىغانىدى. خۇشال بولۇشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، جېففېرسون ئۆزىنىڭ يەنە بىر قېتىم چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىغا قاتنىشىدىغان رەسمىي ۋەكىل

قىلىپ سايلانغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ سايلام بىلىتى ئۈچىنچى قاتاردا تۇرغانىدى.

جېففېرسون بۇ قېتىمقى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمىنى، مېنىڭ چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا ئىشلىگەن خىزمىتىمگە بېرىلگەن ئىشەنچ بىلىتى، دەپ قاراپ ناھايىتى ئىلھاملانغانىدى. ئۇ ۋاقىتىنچە ئاممىۋى سەھنىدىن ئايرىلىپ، ئۆزىنىڭ تىنچ ۋە ئازادە ئۆيىگە بېرىپ، بۇ ئايدىكى بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ موندىسلودىكى ئاشۇ چىرايلىق قورۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ. جېففېرسون موندىسلودا تۇرغان قىسقىغىنا بىرقانچە كۈندە، ۋاقىتسىز ۋاپات بولغان ئىككىنچى قىزى جون راندولپ ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ، فىلادېلفىيەگە قايتىش ۋاقتىنى كېچىكتۈرىدۇ. چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى 9 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئېچىلغان بولۇپ، ئۇ قايتىپ بارغاندا 10 ـ ئاي بولۇپ قالغانىدى، ۋەكىللەر ئەسكەر قوبۇل قىلىش، قوشۇن تەشكىللەش ۋە تەمىنات مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. بۈيۈك بىرىتانىيەدىن تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق جاۋاب كەلمىگەن بولغاچقا، ئىستىقبالنى مۆلچەرلىگىلى بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە فىلادېلفىيە ئەنگلىيەنىڭ ئامېرىكىدىن قوشۇن كۆپەيتىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقانىدى. 10 ـ ئايدا ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيەسى مېين ئىشتاتىنىڭ فارموش شەھىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ. 11 ـ ئايدا چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى، ئەنگلىيە پادىشاھى جورجى Ⅲ نىڭ چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىنى قانۇنسىز تەشكىلات دەپ قاراپ، شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنىڭ مۇراجىئەتنامىسىنى رەت قىلىپ، ئەنگلىيە خەلقىنى مۇستەملىكىلەرگە ياردەم بېرىشنى رەت قىلىشقا چاقىرغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ. 12 ـ ئايدا ئەنگلىيە پارلامېنتى

قانۇن لايىھەسى ماقۇللاپ، مۇستەملىكىلەر بىلەن بولغان سودىنى ئۈزۈپ قويىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ قەبىھ سىياسىتى تىنچلىق دەرۋازىسىنى مەھكەم تاقىۋېتىدۇ.

چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى ئەسلىدە 1775 ـ يىلى 12 ـ ئايدا قىش پەسىللىك دەم ئېلىشنى بېكىتكەنىدى. بىراق، يىغىن يەنىلا داۋاملىشىدۇ. جېففېرسون ۋىرگىنىيەدىن ئايرىلغان ئۈچ ئايدىن بۇيان، ئۆيدىن خەت ـ خەۋەر ئالالمىغانلىقتىن، يەنە كېلىپ 9 ـ ئايدا ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ۋىرگىنىيەدە ئۇرۇش پارتلىغانلىقتىن، موندىسلودىكى ئائىلىسىدىن ناھايىتى ئەنسىرەيدۇ. شۇنداقلا چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىدىغان مەسىلە بولمىغانلىقتىن، 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا فىلادېلفىيەدىن ئائىلىسىگە قايتىپ كېلىدۇ.

جېففېرسون موندىسلودا بىر مەزگىل دەم ئالغان بولسىمۇ، ئانىسىنىڭ كېيىنكى يىلى 3 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا تۇگەپ كېتىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئانىسى شۇ چاغدا 57 ياشتا ئىدى. جېففېرسوننىڭ تۇتقاقلىق باش ئاغرىقى كېسىلى يەنە قوزغىلىپ، بىر ئاي مىدىرلىماي يېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

1776 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، جېففېرسون فىلادېلفىيەگە قايتىپ كېلىپ، چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتنىشىدۇ. جورجى III ئالدىنقى يىلى 10 ـ ئايدىكى ئەنگلىيە پارلامېنت يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، شىمالىي ئامېرىكىدا يۈز بەرگىنى «توپىلاڭ بولۇپ، تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا بىر مۇستەقىل ئىمپېرىيە قۇرۇش ئۈچۈن بولغان ئۇرۇش» دەپ جاكارلايدۇ. ئەنگلىيە پادىشاھىنىڭ بۇ ھۆكۈمى ئەنگلىيە پارلامېنتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى تەستىقلاپ، ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلەرنى قايتىدىن ئەنگلىيەگە قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولىدۇ. شۇنداقلا،

ئەنگلىيە پادىشاھى بىلەن ئىچكى كابىنېت باش ۋەزىرلىرى گېرمانىيە ياللانما قوشۇنلىرىنى ئامېرىكىدا جەڭ قىلىشقا ياللايدۇ. بۇ ئۇسۇل ئەسلىدە ئىمپېرىيەنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئويلىغان نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىقنى مۇستەقىللىق يولىغا مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن توماس پاننىنىڭ «ساۋات» ناملىق قوللانمىسى 1776 ـ يىلى 1 ـ ئايدا فىلادېلفىيەدە پەيدا بولىدۇ. ئۇ چاغدا تېخى ئۇنىڭ نامى چىقمىغانىدى. ئۇنىڭدا مۇستەملىكە خەلقلىرىنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئەنگلىيەنىڭ زۇلۇمىغا قارشى تۇرۇشقا چاقىرىلغان بولۇپ، ھەممە ئادەم باراۋەر، ئۇلاردا تەڭرى ئاتا قىلغان ھوقۇق بار، دېيىلگەنىدى، ئۇنىڭدا ئامېرىكىلىقلارنى دەرھال مۇستەقىللىق ئېلان قىلىشقا مۇراجىئەت قىلىنغان، ھەتتا قانلىق تۈزۈمنىڭ ئادىل بولمىغان مۇستەبىت تۈزۈم ئىكەنلىكى تەنقىد قىلىنىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ، جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى دەسسىتىش، دېموكراتىك، مۇستەقىللىق گۈللەنگەن بىر دۆلەت قۇرۇش تەكلىپى بېرىلگەنىدى. پاننىنىڭ «ئەركىنلىك بولمىغان زېمىننىڭ ھەممىسى مېنىڭ يۇرتۇم» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى بار ئىدى. قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ خاتىرە بىردىنلا نەچچە مىليون ئامېرىكىلىق تالىشىپ ئوقۇيدىغان كاتتا ئەسەر بولۇپ قالىدۇ.

جېففېرسون فىلادېلفىيەگە قايتىپ ئىككى ھەپتە بولمايلا، ۋىرگىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ۋىرگىنىيە قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان قارارنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. قاراردا، چوڭ قۇرۇلتۇق يىغىنىغا مۇستەقىللىق تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇش يوليورۇقى بېرىلگەنىدى.

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى يىغىندا 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مۇستەقىللىق مەسىلىسىنى قايتا مۇزاكىرە قىلىدىغانلىقى قارار قىلىنىدۇ. يىغىندا يەنە: «ۋاقىتنىڭ قولدىن كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بىر كومىتېت قۇرۇپ بىر نۇسخا خىتابنامىگە تەييارلىق كۆرۈش، خىتابنامىدە 1 ـ قارار گەۋدىلەنگەن بولۇش، يەنى بارلىق بىرلەشمە مۇستەملىكىلەر ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەركىن ۋە مۇستەقىل دۆلەت بولۇش» قارار قىلىنغاندى.

ئادىنس، فىرانكلىن، جېففېرسون، سالمان ۋە لىۋېستونلار بەش كىشىلىك كومىتېت قىلىنىپ، خىتابنامە تۈزۈش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

بۇ خىتابنامىنى تۈزۈشكە كىم قەلەم تەۋرىتىدۇ؟ ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئادىنس بىلەن جېففېرسون بىر ـ بىرىگە ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، بىراق ئاخىرىدا جېففېرسون بۇنى تۈزۈشكە كېلىشكەن. بۇ خىتابنامە پۈتۈن دۇنياغا جاكارلانغان: ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقى ئەنگلىيە بىلەن بولغان بارلىق مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ، يېڭى بىر دۆلەت قوشما ئىشتاتلىرىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. مۇستەقىللىق خىتابنامىدە: «ھەممە ئادەم باباراۋەر، ئۇلارغا پەرۋەردىگار ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدىغان بەزى ھوقۇقنى بەرگەن، بۇلار مەۋجۇت بولۇش، ئەركىنلىك، بەخت ئىزدەش ھوقۇقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ... ھەرقانداق شەكىلدىكى سىياسىي گەۋدە بۇ مەقسەتكە دەخلى يەتكۈزىدىكەن، خەلق ئۇنى ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنى بىكار قىلىپ يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇشقا ھوقۇقلۇق...» دېيىلگەنىدى.

مۇستەقىللىق خىتابنامىسىنىڭ تارىختىكى ئىلغارلىقى: ئىنسانىيەت تارىخىدا، خەلقنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى پرىنسىپىنىڭ دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم

جاكارلىغانىدى. ئەپسۇسكى، جېففېرسون خىتابنامىدە قۇللۇق تۈزۈم ۋە قۇل سودىسىنى ئەيىبلەش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، جەنۇبنىڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي كارولىنا ئىشتاتى بىلەن جورجىيە ئىشتاتى ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغانلىقتىن بىكار قىلىنىدۇ.

1776 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى، فىلادېلفىيەدە چاقىرىلغان چوڭ قۇرۇلتىي يىغىنى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ماقۇللاپ، 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يولغا قويىدۇ. شۇ كۈنى، پېنسىلۋانىيەنىڭ يەرلىك پارلامېنت قورۇسىدا ساقلاۋاتقىلى ئۈزاق بولغان 3000 ئامىمىغا، قۇرۇلتاي ئادەم ئەۋەتىپ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىدۇ. ئېلان قىلىش تۈگىشى بىلەنلا، ئاڭلىغۇچىلار كۆكنى تىترىتىدىغان ئالقىش ساداسىنى ياڭرىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەربىي قوشۇنمۇ ئاممىۋى مەيداندىن ئالدىغا چىقىپ، 13 پاي ھۆرمەت توپى ئاتىدۇ. بۇ 13 ئىشتاتنىڭ ئىتتىپاقلاشقانلىقىنى بىلدۈرەتتى. مۇناردىن ئاڭلىنىۋاتقان سائەت ئاۋازى كېچە ئاسمىنىدا توختىماي جاراڭلايتتى. بۇ سائەتمۇ خۇشاللىق سادالىرىنى ياڭرىتىپ، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى ماقۇللىدى. بۇ، ئەنگلىيە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ يېڭى چوڭ قۇرۇقلۇقتا ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىغان ماتەم سىگنالى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنىدىكى بىرقانچە دوستلاردىن باشقا، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى جېففېرسوننىڭ تۈزگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

1784 ـ يىلىغا كەلگەندە، بۇ «ئىچكى سىر» ئامېرىكا گېزىتلىرىدە ئاشكارىلاندى. ئۇ چاغدا، بۇ ئىشقا ساق سەككىز يىل بولغانىدى.

## «دىنىي ئەركىنلىك پەرمانى»نىڭ تۈزۈلۈشى

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جېففېرسون تاقەتسىزلىك ئىچىدە ۋىرگىنىيەگە قايتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يىل ئاخىرىغىچە چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللىك سالاھىيەتىدىن ۋاز كېچىشنى قارار قىلغانىدى. ئۇنىڭ چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدىكى ئورنىدىن ۋاز كېچىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب، خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكى ئۇنى ئەنسىرەتكەنلىكىدىن بولغانىدى.

يەنە بىر مۇھىم سەۋەب، ئۇنىڭ ۋىرگىنىيە يېڭى ھۆكۈمىتىگە قاتناشقۇسى بار ئىدى. ئۇ يېڭى ئىشتاتنى يېڭى دۆلەت ھۆكۈمىتىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي تەركىبىي قىسمى، بۇ يەردىكى ئىشلار چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا قىلىدىغان ئىشتىنمۇ مۇھىم، دەپ قارايتتى. ئىنقىلاب باشلىنىشى بىلەنلا، جېففېرسوننىڭ قىزغىنلىقى يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ ئىنقىلابنىڭ دەسلەپىدىكى بىرنەچچە يىلدا ھاياتىدىكى ئەڭ ئىجادىي خىزمەتلەرنى ئىشلەيدۇ. ۋىرگىنىيەدىكى ئىسلاھات ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە، تۇنجى ئوغۇل ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن چەكلىك ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقىنى بىكار قىلىپ، ئەنگلىيەنىڭ پادىشاھلار ئۈيۈشمىسى بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىيدۇ ھەمدە دىنىي غەيرىي پىكىرلەر ئارقىلىق باشقىلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى چەكلەيدۇ.

ئۇنىڭ دىنىي ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى كۈرىشى مۇستەملىكىلەرنىڭ ئۈستىدىكى دىنىي زۇلۇمغا قارىتىلغانىدى.

1770 ـ يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە ئاساسلانغاندا، شىمالىي ئامېرىكىدىكى 13 مۇستەملىكە ئىچىدىكى توققۇز مۇستەملىكە ھۆكۈمەت چېركاۋى قۇرغان؛ شىمالدىكى ئۈچ مۇستەملىكە —

ھامپشىر، ماسساچۇسېتس ۋە كوننېكتىكوتتا ھەققانىيەت ئۈيۈشمىسى تىپىدىكى چېركاۋلار ھۆكۈمەت چېركاۋى بولۇپ قالغان؛ ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي قىسىمدىكى ئالتە مۇستەملىكە ــ نيۇيورك، ۋىرگىنىيە، مارىلاند، جورجىيە، شىمالىي ۋە جەنۇبىي كارولىنا، خاشىن ئۈيۈشمىسى (ئەنگلىيە دۆلەتلىك چېركاۋ) قاتارلىقلار ھۆكۈمەت چېركاۋلىق ئورنىغا ئېرىشكەن. پەقەت پېنسىلۋانىيە بىلەن رود ئارىلىلا دىنىي ئەركىنلىك سىياستىنى يولغا قويغانىدى.

ۋىرگىنىيەدە خان ئۈيۈشمىسى چېركاۋى ھۆكۈمەت چېركاۋى بولۇپ، 1776 ـ يىلىغا قەدەر 100 نەچچە يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەنگلىيە مۇستەملىكە ھۆكۈمەت ۋە قانۇنىنىڭ ھىمايىسىدە خان ئۈيۈشمىسىنىڭ قائىدىسى ۋە ئىبادەت مۇراسىملىرى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇراتتى. ھۆكۈمەت چېركاۋنىڭ باستېرلىرى خەلق تاپشۇرغان باجغا تايىنىپ راھەت ـ پاراغەتتە ياشايتتى. مۇستەقىللىق ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى، ھۆكۈمەت چېركاۋلىرىدىكى نۇرغۇن باستېرلار ئات بەيگىسى، قارتا، تانسا ئويناش، ئويۇن كۆرۈش، ھاراق ئىچىش بىلەن ھەلەك ئىدى.

خان ئۈيۈشمىسى چېركاۋىدىكى دىنىي بۇزغۇنچىلىق كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ مۇشۇ چېركاۋغا چوقۇنۇشنى رەت قىلسا جىنايەت ھېسابلىناتتى؛ دىنىي قېرىنداشلارنىڭ قانۇنسىز يىغىلىشى مەنئى قىلىنغان بولۇپ، چېگرا ئىچىدە ھەرقانداق دىنىي قېرىنداشلار مەزھىپىگە يول قويۇلمايتتى، بايقىلىپ قالسا سۈرگۈن قىلىناتتى؛ يات مۇرتلار ئۆلۈمگە مەھكۇم بولۇپ، ئوتتا كۆيدۈرۈش جازاسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. يەنە، ئەگەر خىرىستىيان دىنى ئەقىدىسىدە چوڭ بولغان كىشى خىرىستىيان دىنىنىڭ

ھەققانىيلىقىنى ئىنكار قىلسا ياكى «ئىنجىل»نىڭ مۇقەددەس نوپۇزىنى ئىنكار قىلسا، ئۇ كىشىنى دىنىي ئىشلىرى، خەلق ئىشلىرى ۋە ھەربىي سەپتە ھېچقانداق ھوقۇققا قويۇشقا بولمايتتى. بۇ خىلدىكى ئىشلار يالغۇز بولا ئەمەس، ئەلۋەتتە.

XVIII ئەسىردىن باشلاپ چېركاۋدىن ئايرىلغانلار ئۈزۈكسىز كۆپىيىشكە باشلاپ، خان ئۇيۇشمىسىمۇ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچى ۋە تەسىر كۈچىدىن ئايرىلىشقا باشلايدۇ. جېففېرسون، ۋىرگىنىيەدىكى پۇقرالارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئەنگلىيەنىڭ دۆلەت دىنىغا ئىشەنمەس بولدى، دەپ كۆرسىتىدۇ. ئامېرىكا ئىنقىلابى مۇشۇنداق ئەھۋاللار ئارقىلىق، خەلقنىڭ دۆلەت دىنىنى قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

1776 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ۋىرگىنىيەنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك يىغىنى ئېچىلىش ھارپىسىدا، مۇراجىئەتنامىلەر خۇددى قاردەك ئۇچۇپ كېلىپ، خان ئۇيۇشمىسىنىڭ دۆلەت دىنىي ئورنىنى ھەمدە دىنغا ئىشەنمەيدىغانلارنى كەمسىتىشنى بىكار قىلىشنى تۇشمۇتۇشتىن تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن جېففېرسون 1777 ـ يىلى ئۆزىنىڭ «دىنىي ئەركىنلىك پەرمانى»نى تۈزىدۇ.

جېففېرسون: «ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگار ئادەملەرگە ئىدىيە ئەركىنلىكى ئاتا قىلغان، شۇڭا ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ھەرقانداق ئۇسۇل، يەنى ئادەملەر ئارىسىدىكى جىنايى جازا ياكى ئېزىشكە تايىنىپ بولسۇن ۋە ياكى قانۇنىي بەلگىلىمە ئارقىلىق چەكلەش بولسۇن، نەتىجىدە ساختا ۋە ئىپلاس ئادەتنى پەيدا قىلىپ، دىنىمىزنىڭ ياراتقۇچىسىنىڭ ئىرادىسىدىن يىراقلاپ كېتىۋاتىدۇ... دۇنيادىكى ۋە چېركاۋدىكى بەزى قانۇن تۈزگۈزگۈچى ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار، ھەمىشە سەۋەنلىك ئۆتكۈزسىمۇ ھەمدە تەڭرىنى تەسىرلەندۈرەلمىسىمۇ، ئاخىرقى

ھېسابىتا ھېچبىر تەپ تارتماستىن ئۆزلىرىنى باشقىلارنىڭ ئېتىقادىغا يېتەكچىلىك قىلىشقا ھوقۇقلۇق دەپ قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ كۆزقارىشى ۋە ئۇسۇلىنى بىردىنبىر ئېنىق ھەقىقەت دەۋالىدۇ ھەمدە كىشىلەرنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان، دۇنيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدا بەرپا قىلغان ۋە ساقلاپ كېلىۋاتقىنى ساختا دىندىن ئىبارەت بولۇپ، كىشىلەرنى پۇل ئىئانە قىلىشقا قىستاپ، خەلق ئىشەنمەيدىغان كۆزقاراشلارنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئۇ جىنايەت ۋە زالىملىقتۇر؛ ھەتتا باشقىلارنى ئۆزى ئىشەنمەيدىغان دىنىي مەزھەپتىكى قايسىبىر دىن تارقاتقۇچىنى پۇل چىقىرىپ قوللاشقا مەجبۇر قىلىشمۇ كىشىلەرنى ئىرادە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ... پۇقرالىرىمىزنىڭ ھوقۇقى دىنىي قاراشلارغا تايانمايدۇ، خۇددى بىر فىزىكا ياكى گېئومېترىيەدىكى قاراشلارغا تايانمىغاندەك. شۇڭا، ئەگەر بىز بىر پۇقرا ئۆزىنىڭ پەقەت بۇنداق ياكى ئۇنداق دىنىي قاراشقا ئىشىنىدىغان ياكى ۋاز كېچىدىغانلىقىنى بىلدۈرەلەيدۇ، بولمىسا مەسئۇلىيىتى ئېغىر ۋە ھەقلىق خىزمىتىنى قوبۇل قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىسەك، بۇ ماھىيەتتە باشقىلارنى ئۆز ھوقۇقى ۋە مەنپەئەتىدىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ، كىشىلەر بۇ ھوقۇق ۋە مەنپەئەتكە نىسبەتەن خۇددى قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش، تەڭرى ئاتا قىلغان ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولىدۇ» دەپ يازغانىدى.

بەزى باستېرلار جېففېرسون تۈزگەن «دىنىي ئەركىنلىك پەرمانى»دىن ئىنتايىن نارازى بولۇپ، ئۇنى «خۇداسىزلىق پەرمانى» دېيىشتى. يىغىندا، دىنىي ئىسلاھاتنى تەشەببۇس قىلىدىغان كۈچلەر بىلەن ئۆكتىچىلەر تەڭ دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا، بۇ دىنىي ئىسلاھات ئۇزاق ۋە ئەگرى ـ توقاي مۇساپىنى بېسىپ ئۆتتى.

1785 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئىنقىلاب دولقۇنى كۈنسايىن ئۆرلەپ، غەربتىكى دېموكراتىك كۈچلەر ئۈلغىيىدۇ. بۇنداق ۋەزىيەتتە، مادىسون پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جېففېرسوننىڭ «دىنىي ئەركىنلىك پەرمانى»نى يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويىدۇ، نەتىجىدە بىرلا يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، ئىشتات پارلامېنتى تەرىپىدىن ماقۇللىنىدۇ.

بۇ قانۇن لايىھەسى مۇقەددىمە، ئىجرا قىلىنىدىغان ماددىلار ۋە نەسىھەت خاراكتېرىدىكى خاتىمە بولۇپ ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇقەددىمە 600 خەتلىك بولۇپ، پۈتۈن ماقالىنىڭ 4/3 قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ، ئىنسانلارنىڭ ئىدىيە پائالىيىتىنىڭ تەڭرى بىلەن دەخلى ـ تەرۇز قىلىنىشمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسىنىڭ پەقەت دىنىي ئېتىقاد بولماستىن، بەلكى ئەڭ كەڭ ئەقلىي پائالىيەت ئىكەنلىكىنى قايىل قىلارلىق دەرىجىدە ئېيتىپ بەرگەنىدى.

بۇ پەرمان ئېلان قىلىنغاندا، جېففېرسون ئامېرىكا ئەلچىسىلىك سالاھىيىتى بىلەن فىرانسىيەدە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ مەغرۇرلانماستىن مۇنداق بىرقانچە جۈملىنى يازىدۇ: «ئىنسانلارنىڭ ئەسىرلەر مابەينىدىكى ئىدىيەۋى پائالىيىتىنىڭ پادىشاھ، مىسسيونېر ۋە ئاقسۆڭەكلەرگە مەنسۇپ بولۇشتىن، ئەقلىي ئۆلچەم ئارقىلىق بەرپا قىلىنغانغىچە بولغان جەريانىنى كۆرۈش كىشىنى شادلاندۇرىدۇ؛ بىز بىر قانۇن تۈزۈشكە مۇيەسسەر بولدۇق ھەمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنى بەرپا قىلىش جەريانىدا ئەقلىنى ئاساس قىلىشنى ئېيتىپ بەردۇق.»

سىياسىي بىلەن دىن ئايرىلغان جەمئىيەتكە ئاساس سېلىش شەرتى ئاستىدا، ئامېرىكىنىڭ قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا 1791 ـ يىلى «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى» ئېلان قىلىنىدى. ئۇنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا ئېنىق قىلىپ: «پارلامېنت دىن بەرپا قىلىش ياكى

دىنىي ئەركىنلىكىنى چەكلەش توغرىسىدا قانۇن ماددىلىرىنى تۈزمەيدۇ» دەپ ئېلان قىلىنغانىدى. بۇ، ئامېرىكا ئىنقىلابى قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ مۇھىم نەتىجىلەرنىڭ بىرى ئىدى.

## ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئىشتات باشلىقى

1779 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، پارلامېنتنىڭ ئىككى مەھكىمىسى بىرلەشمە كېڭەش چاقىرىپ، باشلىقلىقىغا جېففېرسوننى ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ ئىشتات باشلىقلىقىغا سايلىدى. چۈنكى، قانۇندىكى بەلگىلىمە بويىچە، پاترىك ئۈچ قېتىم ئۇدا ۋەزىپە ئۆتىگەن بولۇپ، يەنە ئۆتەشكە بولمايتتى.

ئىشتات باشلىقى بولۇش شەرەپلىك ئىش بولسىمۇ، جېففېرسون بۇنىڭغا نىسبەتەن يەنىلا بەخىراماڭ بولۇپ، يەنە كېلىپ بۇ ئۇرۇشنىڭ مۇھىم پەيتى بولۇپ، ۋىرگىنىيە نۇرغۇن مەسىلىلەرگە دۇچ كەلگەنىدى.

ئىشتات باشلىقى ئۈستىگە ئالىدىغان يۈك ئېغىر بولۇپ، مۇبارەكلەشتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى.

جېففېرسون مۇبارەكلەپ كەلگەن بىر دوستىغا يۇمۇرلۇق قىلىپ: «تەسەللى بەرسىڭىز، تېخىمۇ مۇۋاپىق بولاتتى» دەيدۇ.

ئىشتات باشلىقىنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولمىغان بىلەن، سەرپ قىلىدىغان زېھنىي كۈچى ناھايىتى كۆپ بولاتتى. ئەينى ۋاقىتتا، ئىشتات باشلىقى تامامەن پارلامېنتقا بېقىناتتى. 1776 ـ يىلى ئاساسىي قانۇن پارلامېنتقا ئەڭ يۇقىرى ھوقۇق بەرگەن بولۇپ، ئىشتات باشلىقىدا ئىنكار قىلىش ھوقۇقى يوق ئىدى، ھەتتا ئەنگلىيە پادىشاھى ئەۋەتكەن ۋالىينىڭ پارلامېنتنى تارقىتىۋېتىش ھوقۇقىچىلىكمۇ ئەمەس ئىدى. مەمۇرىي ھوقۇق يۈرگۈزگەندە، پارلامېنت سايلاپ چىققان سەككىز كىشىلىك

ئىشتات كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشى كېرەك ئىدى.
بەزىدە تۆت نەپەر ئىشتات كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى كەلمەي قالسا، قانۇندا بەلگىلەنگەن كىشى سانىغا يەتمىگەنلىكتىن يىغىندا ھېچقانداق نەتىجە بولمايتتى.
جېففېرسون ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەن پاترىك ھېللىيغا ئوخشاشلا ئىلگىرىكى خان جەمەتىنىڭ ۋالىيسى تۇرىدىغان ئوردىغا كۆچۈپ كىرىدۇ.
بۇ ئۆي خېلىلا چىرايلىق بولسىمۇ، لېكىن جېففېرسوننىڭ بىناكارلىق سەنئىتىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ پاسونىنى ئالاھىدە دېگىلى بولمايتتى. ئۇ ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىدە ھەمىشە ئەينى يىللاردىكى مۇۋەققەت ۋالىي فېچلىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، مۇشۇ ۋالىي ئوردىسىدا ھەر خىل مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئالاقە يىغىلىشىغا قاتناشقانىدى. 20 يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا ئوخشاش بىر ئوردىغا كىردى، جاھان ئىشلىرىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىش بولۇپ، جېففېرسوننى تولىمۇ ھەسرەتتە قويدى.
ئۇ ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلگىنى كەلگۈسىدىكى بۇ ئىشتات مەھكىمە ئىشلىرىنى پىلانلاش بولدى. پارلامېنت ئۇنى ئاممىۋى قۇرۇلۇش مەسئۇللىرىدىن تەركىب تاپقان توققۇز كىشىلىك بىر كومىتېتقا رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، دەرھال بۇ شەھەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش پىلانىنى تۈزۈشكە كىرىشتى.
ئىشتات مەھكىمىسى رىچموندقا كۆچۈپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ، ئىستىقبال قاراڭغۇ ئىدى. مۇستەقىللىق ئۇرۇش ھەرقايسى ئىشتات ۋە چوڭ قۇرۇلۇق يىغىنىدىن تەشكىل قىلىنغان بىرلەشمە ئارمىيە ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولۇپ، تەشكىللەش بەكمۇ ناچار ئىدى.

مەملىكەت خاراكتېرلىك ھەقىقىي بىر ھۆكۈمەت بولمىغانلىقتىن، ھەرقايسى شىتات ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇرۇش ۋەزىپىسى كېيىنكى ھەرقانداق ئامېرىكا ئۇرۇشىدىكىدىنمۇ كۆپ بولغانىدى. جېففېرسون 1779 ـ يىلىدىن 1781 ـ يىلىغىچە ۋىرگىنىيە شىتاتىنىڭ باشلىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇرۇش مەزگىلىدە بۇ شىتاتقا پائال رەھبەرلىك قىلىپ، ياخشى ئىدارە قىلدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋىرگىنىيە ئاھالە ۋە زېمىنى جەھەتتە ئامېرىكىدىكى شىتاتلار ئىچىدە ئەڭ چوڭ بولۇپ، ئوھىئو دەرياسىنى بويلاپ غەربكە ئېقىپ مىسسىسىپى دەرياسىغا باراتتى. ئۇرۇش كومىتېتىنىڭ ھۆججەتلەر: ئىئانە توپلاش، قورال ـ ياراغ، ھەربىي لازىمەتلىكلەر، ئۇرۇش جىنايەتچىلىرى قاتارلىق ئىشلار ھەمدە دۈشمەننىڭ مەزكۇر شىتاتقا تاجاۋۇز قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەش توغرىسىدا يېزىلغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي ۋەزىيەتنىڭ يامانلىشىپ، دۆلەت مالىيە چىقىمى، تەمىنلەشنىڭ كەمچىل بولۇشى، ئامىمىنىڭ نارازىلىقى ۋە چوڭ قورۇقلۇق يىغىنىنىڭ قىيىن ئەھۋالى قاتارلىقلار جېففېرسوننى قاتتىق بىئارام قىلماقتا ئىدى.

ئەمما، جېففېرسون تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەنگلىيەگە قارشى كۈرەشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللايدۇ. چوڭ قورۇقلۇق قوشۇننى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، پارلامېنتنىڭ ھوقۇق بېرىشى ئارقىسىدا، ئالاھىدە خادىملارنى ھەرقايسى ناھىيەلەرگە بېرىپ ئاشلىق سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىدۇ.

مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنى قوللاش ئۈچۈن، جېففېرسون پارلامېنتنىڭ ھوقۇق بېرىشى ئارقىسىدا، خەلق ئىچىدىن ھارۋا، ئات قاتارلىق ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئىشلىتىشكە ئالىدۇ. ھەتتا موندىسلودىكى ئۆيىدىكى ھارۋا بىلەن ئاتنىمۇ ئىئانە قىلىۋېتىدۇ. ئامېرىكا دېڭىز قىرغىقى ئەنگلىيە قوشۇنلىرى تەرىپىدىن قامال

قىلىنغانلىقتىن، چەت ئەلدىن زەمبىرەك ۋە ئوق - دورا سېتىۋېلىش تەسكە توختايدۇ. جېففېرسون بۇنىڭ بىلەن يەرلىك قورال - ياراغ سانائىتىنى ئىرىشىپ راۋاجلاندۇرۇپ، بىرقانچە قۇيمىچىلىق زاۋۇتىنى قۇرۇپ، مەخسۇس زەمبىرەك ۋە باشقا قوراللارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ.

جېففېرسون 1780 - يىلى 6 - ئايدا داۋاملىق ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ يىلى ئالدىنقى يىللىدىكىگە قارىغاندا قىيىنچىلىق ئېغىر ئىدى. ئىشتاتنىڭ مالىيە ئەھۋالى قىيىن بولۇپ، پۇل پاخاللىقى يامراپ، ئىشتات پۇلىنىڭ بارغانسېرى كۇرسى چۈشۈۋاتاتتى. ئەنگلىيە 1780 - يىلى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، چارلستوننى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، شىمالغا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، جەنۇبنىڭ ھەربىي ۋەزىيىتىنى تېزدىن يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئەڭ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بېرىدۇ. جېففېرسون ئىككىنچى قېتىم ئىشتات باشلىقى بولغاندىن كېيىنكى (1781 - يىلى 1 - ئايدىن 6 - ئايغىچە) مەزگىلدە ۋىرگىنىيە چوڭ كۆلەمدە دۈچ كېلىدۇ. ئەنگلىيەنىڭ بىر پاراخوتى جامېس دەرياسىنى بويلاپ ۋىستوفقا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ. بىندىكت ئانودنىڭ تاجاۋۇزچى ئارمىيەسى قىرغاقتا چىقىپ رىچموندقا كېلىدۇ. ۋىرگىنىيەنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغىقى لىنىيەسى ئۇزۇن بولۇپ، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئىشلىرى كەم ئىدى. ھەتتا دۈشمەننىڭ تاجاۋۇزىغا تاقابىل تۇرغۇدەك يېتەرلىك ئارمىيەسىمۇ يوق بولۇپ، ھەربىي كۈچ ۋە قورال - ياراغ ئېغىر دەرىجىدە كەمچىل ئىدى. ئۇلاردا تۆت دانە كىچىك تىپتىكى ئۇرۇش پاراخوتى، 60 زەمبىرەك ۋە ئوچ قورالىق كېمە بار ئىدى. قۇرۇقلۇق ئارمىيەسى تەربىيەلەنمىگەن بولۇپ، ئىنتىزامى چېچىلاڭغۇ ئىدى. ئۇلار قوراللىنىشى ناچار بولغان خەلق ئەسكەرلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بولۇپ، ھەر 56

ئەسكەرگە بېردىن مىلتىق توغرا كېلەتتى. يەنە كېلىپ زىمىن كەڭ، ئادەم شالاڭ، ئەسكەر مەنبەسى كەمچىل بولۇپ، ھەر كىۋادرات مىلى يەرنى بىر خەلق ئەسكىرى مۇداپىئە قىلاتتى. جېففېرسون دەرھال قوشنا ناھىيەلەردىكى خەلق ئەسكەرلىرىگە چاقىرىق قىلىپ: رىچموندتىكى ئارخىپ ۋە چەكلىك ھەربىي لازىمەتلىكلەرنى ئالدىراش يۆتكەشكە تۇتۇندى ھەمدە ئائىلىسىنى مەزكۇر شەھەرگە كۆچۈردى.

بەزىلەر جېففېرسوننى ۋەزىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ۋاقتىدا تونۇپ يېتەلمىدى، دەپ تەنقىد قىلىدۇ. ۋەقەدىن كېيىن، ئەگەر ئىككى كۈن بۇرۇن خەلق ئەسكەرلىرىنى يىغقان بولسا، ئارنوردنىڭ رىچموندنى ئوڭۇشلۇق تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى جېففېرسونمۇ ئېتىراپ قىلىدۇ. بىراق، ئۇ ئىككى كۈنلۈك سەۋەنلىكنى خاتا ئاخباراتقا دۆڭگەپ قويغانىدى. شۇڭا، جېففېرسوننى تەنقىدلىگۈچى، ئۇنىڭ بۇ ئىشتا ئۆزىنى ئاقلىغانلىقىنى ئەيىبلەيدۇ.

گەرچە ئۇ ئىشتات باشلىقى بولغان چاغدىكى جاپالىق يىللارنى ئۇنتالمىسىمۇ، ئەمما بۇ، ئۇنىڭ كېيىنچە سىياسىي ساھەگە ۋە ئاممىۋى تۇرمۇش قوينىغا قايتىپ كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ.

## خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قېلىش

جېففېرسون ئەمەلدارلىق سورۇنىنىڭ زېرىكىشلىك ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئەمەلدارلىق سورۇنى كۆلپەت بىلەن تولغان، كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېزىدىغان سورۇن ئىدى. شۇڭا، ئۇ گۈزەلنى تاشلاپ كەتمەنى قولغا ئېلىش، موندىسلودىكى قورۇسغا قايتىپ، ئۇ يەردىكى كۆڭۈللۈك

«ئازادە تۇرمۇش»تىن بەھرىمەن بولۇش قارارىغا كېلىدۇ. سۆيۈملۈك بالا ـ چاقىلىرى ۋە مونتىسىلونىڭ تارتىش كۈچى ئۇنىڭ ھاياتىدا مەڭگۈ كۈچلۈك ئىدى. نۇرغۇن دوستلىرى ئۇنىڭ بۇ قارارىنى چۈشەنمەيدۇ، ھەتتا ھومىس مىدسوندەك يېقىن دوستىمۇ چۈشىنەلمەيدۇ ۋە: «مەن جېففېرسون ئەپەندىگە ئىنتايىن يان باساتتىم، بىراق ئۇنىڭ كەيپىياتىدىن خۇددى يۇرتىدىكى ئۆزىگە ئادالەتسىزلىك قىلغانلاردىن ئۆچ ئېلىش ئىرادىسىگە كەلگەندەك قىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ يا پەلسەپىگە، يا ۋەتەنپەرۋەرلىككە ياتمايدۇ» دەيدۇ.

جېففېرسون مونتىسىلودىكى قورۇسىدا پەلسەپە ئوقۇش ۋە مەسىلىلەرنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، تۇرمۇشنى ئاستا ـ ئاستا تىنچلاندۇرىدۇ.

1782 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ماشا يەنە بىر قىز تۇغىدۇ. ئۇنىڭغا لوسى ئېلىزابېت دەپ ئىسىم قويىدۇ. بۇ ماشا جېففېرسونغا تۇغۇپ بەرگەن ئاخىرقى بالا ئىدى (كېيىن يەر تەۋرەشتە ئۆلۈپ كېتىدۇ)، ماشا جېففېرسون كەينى ـ كەينىدىن ھامىلىدار بولۇپ، ھامىلە چۈشۈپ كېتىش كېسىلىگە دۇچار بولغانىدى، نەتىجىدە لوسنى توغقاندىمۇ تۇغۇتى قىيىن بولىدۇ. ئەسلىدىلا تېنى ئاجىز ماشا تېخىمۇ ئورۇقلاپ كەتكەچكە، شۇنىڭدىن باشلاپ ئورۇندىن تۇرالمايدۇ.

جېففېرسون بىلەن خوتۇنى ماشانىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ خوتۇنىغا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ ئەمەلدار بولغىلى ھەرگىز بارمايدىغانلىقىنى، ھەرقانداق سىياسىي پائالىيەتلەرگىمۇ قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. چوڭ قىزى ماشا (ئەركىلەتمە ئىسمى باچى) 1782 ـ يىلى 10 ياشقا، ئىككىنچى قىزى لىما (ئەركىلەتمە ئىسمى بولى) ئۈچ ياشقا كىرگەنىدى. جېففېرسون خوتۇنىدىن ئوبدان خەۋەر ئېلىپ،

بىردەممۇ نېرى كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ كارىۋىتى قېشىدا بولمىغان چاغلاردا، ئەڭ يېقىن ھۇجرىسىدا يېزىقچىلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، چاقىرغان ھامان يېتىپ كېلەتتى.

شۇ يىلى كۈز يېتىپ كەلگەن بىر ئاخشىمى، ماشا كۆنلىرىنىڭ جىق قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. ئۇ قولىغا ئېرى ياخشى كۆرىدىغان بىر كىتابنى ئېلىپ، قوللىرى تىترىگەن ھالدا كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى تىترىتىدىغان جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ماشا سەكراتقا چۈشۈپ قالغاندا جېففېرسون ئۇنىڭ قېشىدا ئىدى. ئۇ جېففېرسونغا، قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ تېخى كۆپلۈكىنى ئېيتىدۇ. باللار توغرىسىدا سۆزلەشكەندە، ئۇ ئۆكسۈپ ئاۋازىنىمۇ چىقىرالمايدۇ. ئاخىر ئۇ تۆت بارمىقىنى چىقىرىپ، ئاندىن بەكمۇ تەستە، ئەگەر جېففېرسون تۆت بالا ئۆچۈن (ئۈچ بولۇشى كېرەك) ئىككىنچى خوتۇن ئالىدىغان بولسا، ئۆلسىمۇ كۆزى يۇمۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. جېففېرسون ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، چۈشەندىم دېگەن قىياپەتتە بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرىدۇ. جېففېرسون كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغان، ئىقتىدارلىق، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ھەمدە باي كىشى بولغانلىقتىن، قايتا توي قىلسا تامامەن بولاتتى. لېكىن، ئۇ ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ، كېيىنكى ئۆمرىدە بويتاق ياشايدۇ.

1782 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، چۈش، ھاۋا تۇتۇق بولۇپ سوغۇق شامال يوپۇرماقلارنى ئۇچۇرۇپ، موندىسلو قورۇسى ئېغىر ھەسرەتكە چۆمگەنىدى. جېففېرسون ھايات شامى ئۆچۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان قەدىردانىغا تىكىلگىنىچە، ئىلاجسىزلىق ئىچىدە تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى لەختە - لەختە بولۇپ، ھوشىدىن كېتىدۇ. سىڭلىسى ئۇنى يۆلەپ تالاغا چىققان ئارىلىقتا ماشا بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىدۇ. بىرنەچچە ئايدىن بۇيان، جېففېرسون

خوتۇنىنىڭ ھايات - ماماتلىق سىزىقىدا جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغانىدى. گەرچە ئىدىيەۋى تەييارلىق يوق دېگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۆلۈم ئىلاھى خوتۇنىنىڭ قېشىغا يېتىپ كەلگەن بۇ قورقۇنچلۇق دەقىقىدە، ئۇ يەنىلا بۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ ئېغىر زەربە، خۇددى ئۇنى ئازاب دېڭىزىغا مەھكۇم قىلغانىدى. خوتۇنىدىن ئايرىلىش ئازابى ئۇنىڭ يۈرىكىنى تىنماستىن مۇجۇيتتى.

جېففېرسون ھوشىغا كېلىپمۇ ئۈچ ھەپتىگىچە تالا - تۈزگە چىقمايدۇ. ئۇ ئاشۇ ھۇجرىسىدا كېچە - كۈندۈز ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، ماغدۇرىدىن كەتكەندىلا ئاندىن كارىۋىتىغا چىقىدۇ. ئازاب - ئوقۇبەت ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا چاڭگال سېلىپ، ئۇنى ئۆزىنى كونترول قىلالماس قىلىپ قويغانىدى.

ئۇ ئاشۇ ھۇجرىسىدىن مەڭ تەستە ئايرىلىپ، ئاتلىق ئەتراپنى ئايلىنىشقا باشلايدۇ. چوڭ قىزى پېچ كېيىن: «شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۇ ئاتقا مىنىپ تاغ - ئورمانلىقلارنى ئايلىنىدىغان بولۇۋالدى. بۇرۇن ماڭغان يول بىلەن ماڭماستىن ئورمانلىققا كىرىپ كېتەتتى. بۇ ئازابلىق جەرياندا، مەن ھەمىشە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ، ئۇنىڭ كۆپ قېتىم ئازابلىق نالە قىلغانلىقىنى كۆرگەنىدىم» دەيدۇ.

ھەسرەتكە چۆمگەن جېففېرسون توپتوغرا يېرىم يىل نادامەت ۋە يېتىمسىرەش ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئىلگىرىكى خۇشاللىقلار يوقالغان بولۇپ، بىپايان موندىسلومۇ خۇددى غوجايىنىغا ئوخشاش چوڭقۇر ھەسرەتكە پاتقانىدى. ئۇ، كېيىن بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: «ئۇنىڭ ئۆلۈمى مېنىڭ كەيپىمنى ئوسال ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى. خۇددى ئۆلۈككە ئوخشاپ قالدىم» دېگىنىدەك بولغانىدى.

ماشا موندىسلوغا يېقىن جايدىكى بىر تۈزلەڭلىككە دەپنە

قىلىنغان بولۇپ، ئالدىغا قويۇلغان ئاق رەڭلىق قەبرە تېشىغا مۇنۇلار ئويۇلغانىدى.

ماشا جېففېرسون

يوھان ۋېرلىسنىڭ قىزى؛

1748 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تۇغۇلغان؛

1772 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى توماس جېففېرسون بىلەن توي قىلغان؛

1782 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن.

ئاستىغا يەنە جېففېرسون ھومېرنىڭ «ئىلىيادا» ناملىق ئېپوسىنىڭ 22 ـ بابىدىكى جۈملىنى لاتىن يېزىقىدا كۆچۈرۈپ قويغانىدى.

«ئادەملەر ئالەمدىن ئۆتكەن تۇغقانلىرىنى ھەش ـ پەش دېگۈچە ئۇنتۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ مەن ئۇنداق قىلمايمەن؛ نەدىلا بولمىسۇن قەدىردان ھەمراھىمنى سېغىنىمەن.»

چوڭ قىزى ماشا ۋاشىنگتون جېففېرسون ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندە ئاران 10 ياشتا ئىدى. خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن جېففېرسون ئۈچ بالىنىڭ بىردىنبىر ھەمايىچىسى بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ خوتۇنىغا بولغان مۇھەببىتى بارا ـ بارا قىزلىرىغا يۆتكىلىدۇ. چوڭ قىزى پېچ ھازىر دادىسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان گۆھىرى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ دادىسىدىن ئايرىلماي، دائىم دادىسى بىلەن ئاتقا مىنگىشىپ سىرتقا چىقاتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ، پېچ دادىسىغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ. دادىسى ئۇنى «ئەخمەق» دەپ ئاتىسىمۇ، بىراق بۇ «ئەخمەق» شۇنىڭدىن باشلاپ، ئۆيدىكى قىزلارنىڭ بېشى بولۇپ قالىدۇ ھەمدە بۇ ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاپ كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنى ھەمىشە تېتىك، تىرىشچان، يۈرۈش ـ تۇرۇشى ئۇزۇن تۇرا، قىزىل چاچ دادىسىغا ئوخشايدۇ، دەپ سۆيەتلەيتتى.

مىسكىن جېففېرسون، قىزىنىڭ ھامان بىركۈنى ياتلىق بولۇپ ئۆزىدىن ئايرىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا، چەكسىز ئازابلىناتتى، ئەمما ئۇ يەنىلا قىزىغا داۋاملىق تەربىيە بېرىپ، پېچ بىلەن بولنىڭ ئۆگىنىش ۋە باشقا ئىشلاردا ياراملىق ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ قىزلىرىغا كىتاب ئوقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ، ئۇلارنى ئامېرىكىدىكى ئەڭ ئوقۇمۇشلۇق ئاياللاردىن قىلىپ تەربىيەلەپ چىقماقچى ئىدى.

جېففېرسون بىر ياخشى دادا ئىدى. ئۇ قىزلىرىغا بولغان مۇھەببىتىنى، قىزلىرىغا بولغان مەسئۇلىيەت جەريانىغا سىڭدۈرگەنىدى. ئۇ ئانبورستا يالغۇز تۇرغان چاغلاردا، ھەمىشە ئويلايدىغىنى قىزلىرىنىڭ كەلگۈسى، ھەتتا تېخى دۇنياغا كەلمىگەن نەۋرىسىنىڭ كەلگۈسى بولاتتى. بۇ جەرياندا، جېففېرسون بىلەن قىزلىرى ئارىسىدا كىشىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان بىر قاتار خەت ـ ئالاقىسى باشلانغانىدى. بۇ خەتلەر ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بالا ئارىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى ھەمدە ئۇنىڭ قىزلىرىغا بولغان ئاتىلىق سېغىنىش ۋە قىزلىرىدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن، بۇ ئۇلۇغ شەخسنىڭ قەلبىدىكى مول ھېسسىياتنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

# 5. رىشتى ۋەتەنگە باغلانغان ياۋروپا سەپىرى

## فىرانسىيەگە ئەلچىلىككە چىقىش

1782 ـ يىلى ئامېرىكا فېدېراتسىيە پارلامېنتى فىلادېلفىيەدە ئەنگلىيە بىلەن تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتاتتى. بۇنىڭ بىلەن جېففېرسوننىڭ دوستلىرى ئۇنى يادىغا ئالدى. ھومىس مادىسون پارلامېنتتا جېففېرسوننى تىنچلىق شەرتنامىسى تۈزىدىغان ئامېرىكا ۋەكىللىرىنىڭ بىرى قىلىپ سايلاش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ، بۇ جېففېرسوننى سىياسىي سەھنىگە قايتۇرۇپ كېلىشتىكى ياخشى پۇرسەت، دەپ قارايتتى.

سۆيۈملۈك ئايالىدىن ئايرىلىپ، گۈزەل ئەسلىمىلەر قالدۇرۇلغان مونتىسلودا ئازاب ئىچىدە يۈرگەن جېففېرسون فىرانسىيەگە ئەلچىلىككە بېرىش خىزمىتىنى تېزلا قوبۇل قىلدى.

ئۇ پارلامېنت ۋەزىپىگە تەيىنلىگەن كۈنى دوستىغا: «مەن بۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ، يۇرتۇمغا قايتىشنى، ئائىلە ئىشلىرىمنى باشقۇرغاچ يېزىقچىلىق قىلىپ، ئۆمرۈمنى بەختلىك ئۆتكۈزۈشنى ئويلىغانىدىم. بىر ئىش مېنىڭ بارلىق پىلانىمنى يوققا چىقىرىپ، ماڭا بىر بوشلۇقنى قالدۇرۇپ قويدى، مەندە ئۇنى تولدۇرۇۋالغۇدەك روھ يوق» دەپ خەت يازغانىدى. ۋەھالەنكى، بۇ

«ئىش» خوتۇنىنىڭ ئۆلۈمى بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرمۇش رىتىمىنى بۇزۇۋەتكەنىدى. پارلامېنت ئۇنىڭغا بۇ بوشلۇقنى تولدۇرىدىغان جاسارەت ئاتا قىلغان بولۇپ، شۇڭا ئىككىلەنمەستىن بۇ پۇرسەتنى چىڭ تۇتقانىدى. 18 ئاي ئىلگىرى ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئىشتات باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغان بۇ ئادەم، يەنە ئاممىۋى تۇرمۇش قوينىغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇنىڭ تۇرمۇشى يەنە بىر قېتىم هاياتىي كۈچكە تولىدۇ.

1783 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، ئۇ فىلادېلفىيەدە يولغا چىقىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال جەنۇبقا يېتىپ كېلىپ كېمىگە چىقىدۇ. بۇ چاغدا، ئەنگلىيە چارلىغۇچى پاراخوتىنىڭ چېساپېك قولتۇقىنى قامال قىلىپ بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، فىرانسىيە كېمىسىدىكى ئامېرىكا ئەلچىلىرىنى توسۇپ قالماقچى بولۇۋاتقانلىق خەۋىرى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ياۋروپادىن كەلگەن خەۋەردە، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيەنىڭ تەييارلىق تىنچلىق كېلىشىمىگە رازىلىق بەلگىسى قويغانلىقى، ئۇنىڭ بىلەن پارلامېنتنىڭ، ئۇنىڭ ئالدىرىماستىن فىلادېلفىيەگە قايتىپ خەۋەر كۈتۈشنى قارار قىلغانلىقى ئېيتىلغانىدى. 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جېففېرسوننىڭ بۇ ۋەزىپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانىدى.

گەرچە ئۇ تىنچلىق خەۋىرىگە ئىنتايىن تەشنا بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئارزۇ قىلغان فىرانسىيە سەپىرى ئەمەلگە ئاشماي، ئۇنى ئازراق ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ۋىرگىنىيەگە قايتىپ كېلىپ مەزكۇر ئىشتاتنىڭ يېڭى قانۇن لايىھەسىنى تۈزۈشكە كىرىشىپ كېتىدۇ. 6 ـ ئايدا پارلامېنت ئۇنى پارلامېنت ئەزالىقىغا، قوشۇمچە ۋىرگىنىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقلىقىغا سايلايدۇ. ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتى 11 ـ ئايدىن باشلىنىدۇ.

جېففېرسون 1783 ـ يىلىدىن 1784 ـ يىلىغىچە ئانىورستا پارلامېنت يىغىنىغا قاتناشقان ئاخىرقى بىرقانچە ئايدا بىرقانچە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشىدۇ. 1784 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئۇ بىر نۇسخا كومىتېت دوكلاتى تاپشۇرىدۇ. ئۇنىڭ مەزمۇنى ھەرقايسى ئىشتاتلار قوشما ئىشتاتلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن غەربىي قىسىمدىكى زېمىندا ھۆكۈمەت بەرپا قىلىنىدىغان زېمىن پىلانى توغرىسىدا بولۇپ، بۇ دوكلات 1784 ـ يىلىدىكى «زېمىن پەرمانى»نىڭ ئاساسى بولۇپ قالىدۇ.

غەربىي قىسىمدىكى زېمىن توغرىسىدىكى دوكلاتنى تاماملاپ ئۇزۇن ئۆتمەي، جېففېرسون يەنە كومىتېتنىڭ دۆلەت قەرزى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تۈزۈپ، ئۆزىنىڭ كېيىنچە ئالېكساندىر ھامىلتون بىلەن بۇ ئىش توغرىسىدا مۇنازىرە بولغاندا، بەزى چاغدىكىدەك تەييارلىقسىز تۇرمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇ يەنە ئامېرىكا دوللىرىنى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت پۇلى بىرلىكى قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەسىنى ھەمدە تارىختىن بۇيانقى تۈنجى قېتىملىق پۇلنى ئونلۇق سىستېما بويىچە ئىشلىتىش تەكلىپ لايىھەسىنى تۈزۈپ چىقىدۇ.

جېففېرسوننىڭ «دوللار ئاتىسى» دېگەن نامىمۇ بار. مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان، چوڭ قۇرۇقلۇق قۇرۇلتىيى ياكى كېيىنكى پارلامېنت ھېچقانداق پۇل ئىشلىمىگەن بولۇپ، پۇل كەمچىل ئىدى، شۇ سەۋەبتىن چەت ئەللەرنىڭ تەڭگىلىرى پۇرسەت تېپىپ سۇقۇنۇپ كىرىۋالغانىدى. ئەنگلىيە، فىرانسىيەنىڭ گىۋىنىيەسى، ئىسپانىيەنىڭ پىسنارسى، شۇنداقلا پورتۇگالىيەنىڭ تەڭگىسى بىرلا ۋاقىتتا ئوبوروت قىلىنىسىمۇ، قىممىتى ئوخشىمايتتى. بۇ خىل ئەھۋال ئاسانلا سودا ئالدامچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئىشتاتلار ئارا سودىسىغا زور دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزەتتى. جېففېرسون پارلامېنتقا

كىرگەندىن كېيىن، پارلامېنتقا «قوشما ئىشتاتلار ئۆچۈن پۇل بىرلىكىنى بەرپا قىلىش ۋە پۇل ئىشلەش (ياساش) توغرىسىدا بايانامە» سۇنىدۇ.

جېففېرسوننىڭ تەكلىپى: شۇ چاغدا ئامېرىكىدا كەڭ ئومۇملاشقان، ھەممىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قۇلايلىق بولغان ئىسپانىيە پېسونى ئامېرىكىنىڭ پۇل بىرلىكى قىلىپ، بۇ پۇل بىلەن ئوخشىمايدىغان پۇللارنىڭ نىسبىتىدە بىردەك ئونلۇق سىستېما قوللىنىشتىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ ئەنگلىيەنىڭ ستېرلىڭ، شىللىڭ، پېنس ۋە پارچە پۇللىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

1785 ـ يىلى جېففېرسون پارلامېنتتا يوق بولۇپ، خوكولنىڭ پائال ھەرىكەت قىلىش ئارقىسىدا، پارلامېنت جېففېرسوننىڭ پىلانىدىكى ئاساسىي پرىنسىپنى قوبۇل قىلىپ، دوللارنى ئامېرىكىنىڭ پۇل بىرلىكى بولغان ئونلۇق سىستېما بويىچە ئىشلىتىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنى قارار قىلىدۇ. يەنە بىرقانچە يىلدىن كېيىن، ئامېرىكا فېدېراتسىيەنىڭ بىرىنچى مالىيە مىنىستىرى ئالېكساندىر ھامىلتون بۇ قارارنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، جېففېرسون ئامېرىكىنىڭ پۇل تارىخىدىمۇ خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىز قالدۇرىدۇ.

جېففېرسون پارلامېنتتىكى قانۇن تۈرغۇزۇش خىزمىتىگىمۇ زور تۆھپىلەرنى قوشقانىدى. ئۇ پارلامېنتتىكى بارلىق مۇھىم كومىتېتلارغا قاتناشقان بولۇپ، 31 پارچە ھۆججەتنى تۈزىدۇ. ئۇ پارلامېنت ئەزاسى بولغان يېرىم يىلدا پارلامېنتنىڭ قانۇن تۈرغۇزۇش جەھەتتىكى چوڭ ـ چوڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئايرىپ بولمايدۇ.

جېففېرسوننىڭ پارلامېنت خىزمىتىدىن تۇيۇقسىز توختاپ قېلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، پالامېنت 1784 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ

7 ـ كۈنى، ئۇنى ياۋروپادىكى يوھان يادىنىش ۋە بېنجامېن فىرانكلىن بىلەن دوستلۇق ۋە سودا كېلىشىمى توغرىسىدا سۆھبەتلىشىشكە تولۇق ھوقۇقلۇق ئەلچى قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. ئۇ ئۇچىنچى قېتىم فىرانسىيەگە بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشىپ، ئانىبورستىن ئايرىلىدۇ، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇنىڭ 15 يىلدىن بۇيانقى قانۇن تۈرغۇزۇش خىزمىتى ئاخىرلاشقانىدى. بۇ 15 يىل ئۇنى ئىنتايىن مۇھىم سىياسىي تەربىيەگە ئىگە قىلىپ، ۋىرگىنىيە ۋە ئامېرىكىدىن ئىبارەت يېڭى دۆلەتكە بەزى ئۆلمەس تۆھپىلەرنى قوشۇش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغانىدى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى مەيىن شامال سوقۇپ تۇرغان سەھەردە، جېففېرسون ئاخىر لوندونغا باردىغان «سېلس» ناملىق كېمىگە چىقىدۇ. ئۇ بۇ سەپەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىن ئايرىلىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ باشقا بىر خىل يېڭى تۇرمۇش قويىنىغا ئاتلىنىۋاتقانلىقىنى ئويلىغىنىدا، قەلبى دولقۇنلاپ، خىيال قۇشلىرى قانات قاقاتتى. ئۇ كېمە پالوپىدا تۇرۇپ، كېمىنىڭ قۇيرۇقىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دولقۇنلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن بوشاشماستىن كۈرەش قىلغان ۋەتىنى ئامېرىكىدىن بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى جېففېرسون قاتارلىقلار پارىژغا يېتىپ كېلىدۇ. ئۇلار ئاۋۋال خان ئوردىسى يېنىدىكى ئورلېئان مېھمانخانىسىغا چۈشىدۇ. تۆت كۈندىن كېيىن ئاۋگوستا كوچىسىدىكى يەنە بىر ئورلېئان مېھمانخانىسىغا كۆچۈپ كېلىدۇ.

پارىژغا كەلگەن تۇنجى قىش، جېففېرسون ئۈچۈن ئۇزاققا سوزۇلغان قەھرىتان بولغانىدى. ئۇنىڭ باش ئاغرىقى يەنە

قوزغالغان بولۇپ، تالا ـ تۈزگىمۇ چىقالماي ئۇدا ئالتە ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالىدۇ. كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايدا ۋىرگىنىيەدە قالغان قىزى لوسى ئىلزابىتنىڭ ۋاقىتسىز ئۆلۈپ كەتكەنلىك خەۋىرىنىڭ يېتىپ كېلىشى جېففېرسوننى يەنە بىر قېتىم ئازاب دېڭىزىغا مەھكۇم قىلىدۇ.

1785 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئۇنىڭ سالامەتلىكى زور دەرىجىدە ياخشىلىنىدۇ. بۇ چاغدا، ئۇ پارلامېنتنىڭ پەرمانى بويىچە فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلىنىپ 79 ياشلىق فىرانكلىننىڭ ئورنىنى ئالغانىدى. ياشىنىپ قالغان فىرانكلىن 7 ـ ئايدا دۆلىتىگە قايتىدۇ. جېففېرسون دىپلوماتىيە ساھەسىدىكى بۇ نوپۇزلۇق ئۇستازىغا قايىل ئىدى. ئۇ، فىرانكلىن ئۇقۇمۇشلۇق، چوڭقۇر پىكىرلىك، تەجرىبىسى مول كىشى بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىزىنى «باسالمايدۇ» دەپ قارايتتى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن، جېففېرسون فىلساي سارىيىغا كېلىپ، فىرانسىيە پادىشاھى لۇيىس XVI گە دۆلەت خېتى تاپشۇرىدۇ. پادىشاھ قائىدە بويىچە داغدۇغىلىق كۈتۈۋېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. جېففېرسون مۇراسىمنى «ئادەتتىكى قائىدە» دەپلا بىلەتتى.

جېففېرسون فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىككە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، فىرانكلىننىڭ ئىزىنى بېسىپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭ سىياسىتىگىمۇ ۋارىسلىق قىلىدۇ. ئۇ ئىلگىرى ۋەزىپە ئۆتىگەنلەرگە ئوخشاشلا، ياۋروپادا پەقەت فىرانسىيەنىڭلا يېڭىدىن دۇنياغا كەلگەن بۇ دۆلەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ناۋادا، ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەنىڭ ئىتتىپاقلىقى بۇزۇلسا، ئامېرىكا مۇستەملىكە دەۋرىدىكى تەۋەلىك ئورنىغا قايتىپ كېلەتتى. شۇڭا، ئامېرىكا بىلەن فىرانسىيەنىڭ مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش ناھايىتى مۇھىم ئىش ئىدى.

جېففېرسون فىرانسىيەدە تۇرغان مەزگىلىدە ئىككى چوڭ بۇرچنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بىرى، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ سودا مۇناسىۋىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، يەنە بىرى، شىمالىي ئافرىقا ئىسلام ئەللىرىدىكى دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلمىشىغا تاقابىل تۇرۇش ئىدى.

1784 ـ يىلى 10 ـ ئايدا ئامېرىكىنىڭ «بېتسى» ناملىق سودا كېمىسى ماراكەش دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ ئىبلىس قولىدا قۇربانلىق بويۇمى بولۇپ قالدى. جېففېرسون كېمىدىكى خادىملارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ، پائال خىزمەت قىلدى. ئاخىر 1785 ـ يىلى ماراكەش بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، كىشىنى ناھايىتى قايىل قىلىدىغان بىر شەرتنامە ئىمزالايدۇ. قارشى تەرەپ ھەق تەلەپ قىلمايلا، ئامېرىكا ماتروسلىرى ۋە پۇقرالىرىنى ئەڭ ئېتىبار بېرىلىدىغان دۆلەت قاتارىدا قوغداشقا ماقۇل بولىدۇ ھەمدە بۇ شەرتنامە 30 مىڭ دوللار خىراجەت بىلەنلا تۈزۈلىدۇ. ۋەھالەنكى، دېڭىز قاراقچىلىرىنىڭ مۇتتەھەملىك قىلىش مەسىلىسى ھەل بولمايدۇ. شىمالىي ئافرىقىدىكى ھەرقايسى ئەللەر ئوتتۇرا دېڭىزغا قاتنايدىغان كۆپ سانلىق دۆلەتنىڭ كېمىلىرىدىن پۇل ـ پىچەك ئېلىشقا ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، كېمە ۋە ماللارنى گۆرۈگە ئېلىۋېلىش، ماتروسلارنى تۇتقۇن قىلىش ئارقىلىق زور مىقداردا پۇل ئۇندۇرۇۋالاتتى.

1787 ـ يىلى 2 ـ ئايدا جېففېرسون ھاياتىدىكى ئەڭ ئۇزاق بولغان بىر قېتىملىق سەپىرىنى باشلاپ، 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پارىژغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ سەپەرنىڭ سەۋەبى مۇنداق ئىدى: جېففېرسون ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ قولى يارىلىنىدۇ، بىرقانچە ئايدىن بۇيان ئوڭ قولىدا خەت يېزىشتىن باشقا ئىشلارنى قىلالمايدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى

سەپىرىنىڭ يەنە باشقا مۇھىم مەقسىتىمۇ بولۇپ، ياۋروپانىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن تېخىمۇ كەڭ ئۇچرىشىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەبىئىي شارائىتى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ئىگىلەش، فىرانسىيەگە بولغان سودىنى كېڭەيتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئامېرىكىنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتى ئۈچۈن چىقىش يول تېپىش ئىدى.

ئۇ بۇ قېتىمقى سەپىرىنى يالغۇز قىلدى. سەپەر خاتىرىسىنىڭ ئاخىرىسىدا، ئۇ «سەپىرىمنى پۈتۈنلەي يالغۇز باستىم» دەپ يازغانىدى. ئۇ ھەتتا خىزمەتكارمۇ ئالمىغان بولۇپ، زۆرۈر تېپىلغاندا ۋاقىتلىق خادىم ياللىغانىدى. ئۇ «تېپىپ كەلگەن خىزمەتكار سالاھىيىتىمنى پەقەتلا بىلمىگەچكە، مەن ئۆزۈمنى ئەركىن ھېس قىلدىم» دەيدۇ. جېففېرسون ئۆزىنىڭ «ھېچقاچان بۇنداق كۆڭۈللۈك ئۈچ يېرىم ئاينى ئۆتكۈزۈپ باقمىغانلىقى»نى ھېس قىلىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ناھايىتى روھلىنىپ قالغانىدى.

## مۇھەببەتنىڭ ھەسرىتىنى قايتا تېتىش

گۈزەل سەنئەتنى سۆيىدىغان جېففېرسون لوندوندىكى چېغىدا، لوندوندا ۋاقىتلىق تۇرۇپ قالغان يوھان تىلانبورل ئىسىملىك ئامېرىكىلىق رەسسام بىلەن تونۇشۇپ قالغان بولۇپ، ئورتاق قىزىقىش ئۇلارنى يېقىن كىشىلەردەك تۇيغۇغا كەلتۈرگەنىدى.

ۋەھالەنكى، جېففېرسوننىڭ تىلانبورلنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى، ئۇنىڭ تارىخ رەسسامى بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇ سەۋەبلىك ماريا كوسۋ بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئىدى. ماريا كوسۋنىڭ پەيدا بولۇشى، جېففېرسوننىڭ

تەرتىپلىك، تىنچ تۇرمۇشنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ بىلەن ئۇ قايتىدىن غەيرەت ۋە ئۈمىدكە تولدى. جېففېرسون بىلەن ماريىيا كوسىۋ ھالئو بورىزدا بىر چۈشتىن كېيىنكى ۋاقتىنى بىرگە ئۆتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ رومانتىك مۇھەببەت سەپىرى باشلىنىدۇ. شۇ چاغدا، جېففېرسون ئۆزىدىن بىر قەدەم يىراقلىقتىكى كوسىۋ خانىمغا مەھلىيا بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ھەتتا كوسىۋ خانىم تەڭلىگەن قولىنى سۆيگىنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. كوسىۋ خانىمنىڭ بەدىنىدىن تارقىلىۋاتقان بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى جېففېرسوننى ئاستا ـ ئاستا مۇھەببەت تورى بىلەن باغلىماقتا ئىدى.

ئامېرىكىنىڭ فىرانسىيەدە تۇرۇشلۇق بۇ 43 ياشلىق دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنى زىلۋا قامەتلىك ماريىيا پۈتۈنلەي ئەسىر قىلىۋالدى. ئاۋاق جېففېرسون ئۆزىنى «ۋىرگىنىيەدىن كەلگەن سەھرالىق» دەپ قارايتتى. ئۇ كۆنىبويى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرى، ھۆكۈمەت خادىملىرى ۋە ئالىملار ئارىسىدا يۈرسىمۇ، شۇ تاپتا سەنئەتكارغا ئوخشاش بىغەم ئەركىن تۇرمۇش كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۆزۈن يىللىق ھىجران ئۇنى ئارامىدا قويمىغاچقا، ئۇ كېچە بولماي، مەڭگۈ كۈندۈز بولۇشنى تىلەيتتى، شۇنداق بولغاندىلا، ئۇ ماريىيا بىلەن بىرگە بولۇپ، شېرىن دەقىقىلەردىن بەھرىمەن بولالايتتى.

ماريىيا بىلەن جېففېرسوننىڭ يۈرەكلىرى شۇقەدەر سەزگۈر بولۇپ، ماريىيا جېففېرسوننىڭ تەنھالىقىنى، جېففېرسون ماريىيانىڭ بەختسىزلىكىنىمۇ بىلىپ بولغانىدى. 27 ياشلىق ماريىيا خۇددى ماشا ۋېلىسقا ئوخشاش ۋىجىك، كۆزلىرى كۆكۈچ، تېرىسى ئاق ئىدى. تۇرمەللىۋالغان سارغۇچ چاچلىرى ئۇنى سالاپەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى، ئۇ ۋايىغا يەتكەن ئايال بولۇپ، مۇزىكا ھەۋەسكارى ئىدى. جېففېرسون ئۇنىڭدىن مەرھۇم خوتۇنى

ماشانىڭ سايىسىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ ئالتۇن كۈز 9 ـ ئايدىكى قۇتلۇق كۈندە، جېففېرسون بىلەن مارىيا مۇھەببەت دەرياسىغا غەرق بولىدۇ.

1786 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى، جېففېرسون بىلەن مارىيا تونۇشقاندىن كېيىنكى ئالتىنچى ھەپتىسى، ئۇلار سىنا دەرياسى ۋادىسىغا كېلىپ، بىر ـ بىرىگە يۆلەنگەن ھالدا غەربكە قاراپ ماڭىدۇ. قۇياش نۇرى سۇپسۈزۈك دەريا يۈزىدە تىنىمسىز جۇلالايتتى، دەريا بويىدا يەنە بىرنەچچە تېيىن دىققەت بىلەن ئەتراپقا قارايتتى، كۈز قۇياشى ياز كۈنلىرىدەك ئىسسىق ئەمەس بولۇپ، قىرغاقتىكى دەرەخلەردىن سارغايغان يوپۇرماقلار تۆكۈلەتتى، يوپۇرماقلارنى دەسسىگەندە، شىتىرلىغان سادا چىقاتتى. ھەممە نەرسە شۇ قەدەر يېقىملىق ئىدى.

جېففېرسون ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تاتلىق تۇيغۇغا چۆمۈلگەن بولۇپ، گاھ كۈلۈپ، گاھ سەكرىسە، گاھ سۆزلەپ، گاھ تاقلايتتى. كەيپىياتى ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، شۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ياشقا بېرىپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. ۋەھالەنكى، «مىڭ كۈلكىنىڭ بىر يىغىسى بار» دېگەندەك، تۇيۇقسىز شامال چىقىپ مارىيانىڭ رومىلىنى ئۇچۇرتۇپ كېتىدۇ. جېففېرسون چاققانلىق بىلەن توساقتىن ئاتلاپ، رومالنى ئەكەلمەكچى بولىدۇ. ئەمما، ئويلىمىغان يەردىن، ئۇ قاتتىق يىقىلىپ چۈشۈپ، ئوڭ قولى چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن سۆڭەكنىڭ سۇنغانلىقى بايقىلىدۇ. گەرچە ھەر تەرەپلىمە داۋالانغان بولسىمۇ، سۆڭەك ياخشى تۇتماي، قىسمەن مۇسكۇللار تارىيىپ، ئوڭ قولى بىر يىلدىن ئارتۇق ئىششىپ كېتىدۇ ـ دە، مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالىدۇ. ئۇ، بۇنى ئۆزى قىلىپ قويغان بىر «ھاماقەتلەرچە ئىش» دەپ ئاتىغانىدى.

ئىككى ھەپتىدىن كېيىن يەنە 10 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى

كوسىۇ خانىم تۇيۇقسىز پارىژدىن لوندونغا قايتىشنى قارار قىلىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، جېففېرسون شېئىرلارنى تاللاپ كۆچۈرۈش ياكى يادلاش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بۇ ئارقىلىق قايناق ھېسسىياتىنى ئىپادىلىمەكچى بولىدۇ. ئۇ مىلتون، گىرې، كېلىنس، شېنستون ۋە پىروپىن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ كۆچۈرۈۋالىدۇ. بەزى شېئىرلار ئۇنىڭ مەرھۇم خوتۇنىغا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىسىمۇ، ئەمما مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى يېڭى شادلىقنىڭ مەدھىيەسى ئىدى.

جېففېرسون ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ، كوسىۇنىڭ ئۆيگە خوشلاشقىلى كېلىدۇ ھەمدە ئۇلارنى بىرقانچە مىل يىراقلىققىچە ئۇزىتىپ، سان دېنىسقا كەلگەندە ئايرىلىدۇ.

مارىيا چىققان هارۋا ئاستا ـ ئاستا غايىب بولغىچە قاراپ تۇرغان جېففېرسون خۇددى بىرنېمىسىدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتقاندەك بولىدۇ. ھەش ـ پەش دېگۇچە، ھەممە نەرسە غايىب بولغانىدى. ئۇ «پەرىشان ۋە كەيپسىز» ھالدا پارىژغا قايتىپ كېلىدۇ. ئۇ كۆزىنى يۇمسىلا، مارىيانىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغان جامالى كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى. ئىككى ئايغا يېقىن چىرمىۋالغان مۇھەببەت تۇرمۇشى مانا شۇنىڭ بىلەن تامام بولغانىدى.

جېففېرسون كېيىنكى ئەسلىمىسىدە: «بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگەن ياخشىكەن» دېگەنىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يۈرىكى ئۆلگەنىدى.

مارىيا كەتكەندىن كېيىن، جېففېرسوننىڭ كەيپىياتى ئىنتايىن ئوسال لىشىپ كېتىدۇ. ئۇنتۇغىلى بولمايدىغان شېرىن تۇرمۇش كەلمەسكە كەتكەنىدى. مارىيانىڭ گۈزەل سىيماسى، بولۇپمۇ ئاشۇ بىر جۇپ ھەسرەتلىك كۆزى جېففېرسوننىڭ كۆز ئالدىدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. ئۇ سېغىنىش ئىچىدە

كۆنلەرنى تەستە ئۆتكۈزۈپ، ئىختىيارسىز ھالدا قولىغا قەلەم ئېلىپ مارىياغا خەت يازماقچى بولىدۇ. ئوڭ قولى تىترەپ بولمىغاچقا، سول قولىدا خەت يېزىشقا مەجبۇر بولىدۇ، گەرچە شۇنچە كۆچ سەرپ قىلغان بولسىمۇ، ئەمما سېغىنىش ھېسسىياتىنى ئىپادىلىيەلمەيدۇ. ئۇ مىڭ بىر جاپادا 12 بەتلىك خەتنى يازىدۇ.

بۇ خەتنىڭ ئۇسلۇبى بەكمۇ ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇ «باش» بىلەن «يۈرەك»نىڭ سۆھبەتلىشىش شەكلىنى قوللانغاندى. «باش» ئەقىلگە، «يۈرەك» ھېسسىياتقا ۋەكىللىك قىلغانىدى. بۇ خەتنىڭ ئەسلىي ئارگىنالى تېپىلمىغان بولسىمۇ، ھازىرقىسى جېففېرسون ساقلاپ قويغان كۆپەيتمە نۇسخىسى ئىدى.

خەتتىكى «باش» بىلەن «يۈرەك»نىڭ سۆھبىتى، ئەمەلىيەتتە «ئىككى جېففېرسون» ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت بولۇپ، جېففېرسوننىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ئەقىل بىلەن ھېسسىياتنىڭ كەسكىن توقۇنۇشى ئىدى. «باش بىلەن يۈرەكنىڭ سۆھبىتى» دېگەن خەت جېففېرسوننىڭ ئىچكى سىرىنى بىلىشتىكى مۇھىم كۆزنەك بولۇپ، ئۇنى ئەڭ بەس ـ مۇنازىرە قوزغايدىغان، ھەر كىم ئۆز خاھىشى بويىچە مۇھاكىمە قىلىدىغان بەت دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىگە ئەگىشىپ، بۇ قىسقىغىنە مۇھەببەت تارىخىمۇ ئاخىرلاشقانىدى.

## ئۇنتۇلماس ۋەتەن

جېففېرسون ئۆزگە دىياردا بولسىمۇ، ۋەتىنىگە ھەر ۋاقىت كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئۆتكەن ئىككى يىلدا، ئامېرىكىدا ئىككى چوڭ ۋەقە يۈز بەرگەنىدى.

بىرى، 1786 ـ يىلى يىل ئاخىرىدا يۈز بەرگەن شىيس قوزغىلىڭى ئىدى.

يەككە دېھقانلار قاتلىمى 1785 — 1786 ـ يىللىدىكى ئىقتىسادىي بوھراننىڭ زەربىسىگە ئەڭ ئېغىر ئۇچرىغان قاتلام ئىدى. بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئۇرۇش سەۋەبىدىن ۋەيران بولۇپ، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولغانىدى. ھەربىي سەپتىن قايتقانلار ۋە ئەنگلىيەنىڭ ئامېرىكا بىلەن غەربىي ھىندى تاقىم ئارىلى ئوتتۇرىسىدىكى سودىغا چەك قويۇشى سەۋەبىدىن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى 1783 ـ يىلدىن باشلاپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. كۆنسايىن تارىيىۋاتقان بازار ئالدىدا، دېھقانلار قەرز ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. 1786 ـ يىلىغا كەلگەندە، ئۇلار قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلۇپ، زور بىر قىسىم دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادى ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا تېخىمۇ زور ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كەسكىن ھەرىكەت قوللىنىشقا توغرا كېلەتتى.

1786 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، ماسساچۇسېتس ئىشتاتىدىكى 1500 دىن ئارتۇق غەزەپلەنگەن دېھقان، سابىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە ئىستارشىي لېيتېنانتى دانال شېسنىڭ باشلامچىلىقىدا تىغ كۆتۈرۈپ قوزغىلىپ، شىمالىي ئامپىلون سوت مەھكىمىسىنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇلار يەر ۋە بايلىقنى تەڭ تەقسىملەش، قەرزنى بىكار قىلىش ۋە ئادىل دەۋا تەرتىپى ئورنىتىشنى ھەمدە باج ۋە قەرزلەرنى تۆلەشكە مەجبۇرلاشنى چەكلەشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەزكۇر ئىشتاتنىڭ باشقا جايلىرىدىكى دېھقانلارمۇ بەس ـ بەستە قوزغىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئىنقىلابىي ئۇرۇش جەريانىدا قىسمەدىن قايتقانلار بولۇپ، بۇ قېتىم قايتا قوراللانغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر مەيدان چوڭ قوزغىلاڭ پارتلايدۇ.

شىپس قوزغىلىڭى گەرچە مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئامېرىكىدىكى ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالارغا بولغان تەسىرى غايەت زور بولدى. ۋاشىنگتون بۇ خەۋەرنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاسمانغا قاراپ: «شەپقەتلىك تەڭرىم، ئادەملىرىڭدە نېمە بار؟» دەيدۇ. ئالبىگىپىر يادانىس بۇ خەۋەرنى توماس جېففېرسونغا يەتكۈزگەندە، جېففېرسون باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ. «پات ـ پات كىچىك شەكىلدە توپىلاڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ياخشى كۆرىمەن» دەيدۇ. ئۇ يەنە قوشۇمچە قىلىپ: «ئەركىنلىك دەرىخى ھەمىشە ۋەتەنپەرۋەرلەر بىلەن مۇستەبىت ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق ياشىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىي ئوغۇتى» دەيدۇ. جېففېرسون تەمكىنلىك بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ: «تەڭرى بىزنىڭ 20 يىلدىمۇ بۇنداق بىرەر قېتىم توپىلاڭ قىلماسلىقىمىزغا يول قويمايدۇ» دېگەنىدى. جېففېرسوننىڭ بۇنداق پوزىتسىيەسى، تارقالغان خەۋەرلەرنى «بەخت بىلەن بالا ـ قازا قوشكېزەك» دەپ بىلگەنلىكى ئىدى.

بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ سەۋەبىدىن ئامېرىكىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇھى 1787 ـ يىلى يازدا فىلادېلفىيەدە بىر قېتىملىق ۋەكىللەر يىغىنى ئاچىدۇ، ئۇنىڭ مەقسىتى «ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە مال ـ مۈلۈك»نى ھەقىقىي قوغدىيالايدىغان قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش ئىدى.

1787 ـ يىلى ئامېرىكىدا دەۋر بۆلگۈچ ئەھمىيەتكە ئىگە يەنە بىر ئىش بولغان بولۇپ، فىلادېلفىيەدە قانۇن تۈزۈش يىغىنى ئېچىلىپ «فېدېراتسىيە نىزامى» بىكار قىلىنىپ، ئورنىنى «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى» ئالغانىدى. مادىسون دەل مۇشۇ قانۇن تۈزۈش ھەرىكىتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ئىدى. چۈنكى، ئۇ «فېدېراتسىيە نىزامى»نى مەمۇرىي خىزمەت قىلىدىغان ھۆكۈمەتتە كىرىزىس كېلىپ چىققانلىقىنىڭ بېشارىتى دەپ

قاراپ، فېدېراتسىيەنىڭ «تەۋرىنىپ» كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.

«فېدېراتسىيە نىزامى» مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، يەنى 1777 - يىلى 11 - ئايدىكى چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا ماقۇللىنىپ، 1781 - يىلى 3 - ئايدا ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق كۈچكە ئىگە قىلىنغانىدى. نىزامغا ئاساسەن، ئەسلىدىكى چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنى تارقىلىپ، فېدېراتىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلىدۇ. ئەمما، فېدېراتىپ ھۆكۈمەت ھەرقايسى ئىشتاتلار ئىتتىپاقىنىڭ خاراكتېرىنى ئالغان بولۇپ، ھوقۇقى چەكلىك ئىدى.

مادىسون باشتىلا ئاجىز «فېدېراتسىيە نىزامى»نى بىكار قىلىپ، ھوقۇق مەركەزلەشكەن ئاساسىي قانۇن ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. 1787 - يىلى ئەتىيازدا، مادىسون فىلادېلفىيەدىكى ۋەكىللەر يىغىنىغا بېرىشتىن ئىلگىرى جېففېرسونغا خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ قەدىناس دوستىغا بۇ مەقسىتىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ «ھازىرقى ئاساسىي قانۇندىكى كونا كېسەل»نى داۋالاشنىڭ ئۈنۈملۈك دورىسى «فېدېراتسىيە ئەمەلدارى يەرلىك قانۇن تۈرغۇزۇش ئورگانلىرىدىكى بارلىق سورۇنلارغا ئىنكار قىلىش ھوقۇقى» بېرىشتىن ئىبارەت، دەپ قارىغانىدى. قىسقىسى، مادىسون تەشەببۇس قىلغان مەركىزىي ھۆكۈمەت يەرلىك ھۆكۈمەتنى مۇتلەق كونترول قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ، ھوقۇقنىڭ ھەممىسىنى فېدېراتىپ ھۆكۈمەتكە بېرىش تامامەن زۆرۈر، دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇ «فېدېراتسىيە نىزامى»نىڭ ئاستىدىكى «ئىشتاتلارنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى»نىڭ «فېدېراتسىيە نىزامى»نىڭ ئاستىدىكى فېدېراتسىيەنىڭ ھوقۇقىغا ئۈزۈكسىز توسقۇنلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەنىدى.

شۇ يىلى 6 - ئايدا جېففېرسون جاۋاب خېتىدە مادىسوننىڭ تەشەببۇسىغا ئېنىق قارشى تۇرىدۇ. ئۇ، مادىسوننىڭ فېدېراتىپ

ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى چەككە يەتكۈزۈشكە قوشۇلماي، ئىشتاتلارنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قوغداش پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدۇ. ۋەھالەنكى، جېففېرسون ۋاقىتلىق ئولتۇراقلاشقان ياقا يۇرتلۇق بولۇپ، بۇ ئىشقا كۆچى يەتمەيدۇ.

1787 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، فىلادېلفىيە يىغىنى «فېدېراتسىيە نىزامى»نى ئاخىر بىكار قىلىپ، «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»نى ماقۇللايدۇ. مادىسون ئاساسىي قانۇننى تۈزۈش جەريانىدا مۇھىم رول ئويناپ، ئىقتىدارلىقلار قاتارىدا ئوتتۇرىغا چىققانلىقتىن، «ئاساسىي قانۇن ئاتىسى» دېگەن نامغا ئېرىشىدۇ.

جېففېرسون 11 ـ ئاينىڭ بېشىدا يوھان دىسىنىڭ لوندوندىن ئەۋەتكەن ئاساسىي قانۇننىڭ كۆچۈرۈلمىسىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ.

جېففېرسون ھۆججەتنى كۆرۈپ بولغاندىن كېيىن: «بۇنىڭ ئىچىدە ئاز بولمىغان پايدىلىق ماددىلارمۇ، چاتاق ماددىلارمۇ بار ئىكەن، قايسى جىق، قايسى ئاز بىلمەي قالدىم» دەيدۇ. ئۇ مادىسونغا يازغان خېتىدە، بۇ يېڭى ھۆججەتكە بولغان قارىشىنى بايان قىلىدۇ. جېففېرسون ياقتۇرمىغان ماددىلار ئىچىدە ئىككى نۇقتا بولۇپ، بىرى، «ھوقۇق قانۇن لايىھەسى»نىڭ يوقلۇقىغا قارشى ئىدى. ئۇ بىر دوستىنىڭ قارىشىچە، ھەرقانداق شەكىلدىكى ھۆكۈمەتتە خەلقنى ئېزىش خاھىشى بولىدۇ، ھەرقانداق ھۆكۈمراندا شەپقەتسىزلىككە يۈزلىنىش ئېھتىمالى بولىدۇ، شۇڭا، خەلقنىڭ ھوقۇقى قانۇننىڭ قوغدىشىغا موھتاج، ئەمما «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»دا كىشىلىك ھوقۇققا كاپالەتلىك قىلىشقا دائىر بىرەرمۇ ماددا يوق ئىدى. يەنە بىرى، ئۇ ئاساسىي قانۇننىڭ نۆۋەت بىلەن ۋەزىپە ئۆتەش پىرىنسىپىدىن ۋاز كەچكەنلىكى، بولۇپمۇ زۇڭتۇڭنىڭ داۋاملىق چەكلىمىسىز ۋەزىپە ئۆتىشىدىن قاتتىق ئېچىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى، ناۋادا زۇڭتۇڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىگەندە، قارا نىيەتچىلەرگە

پۈرسەت يارىتىپ بەرگەنلىك بولاتتى.

جېففېرسوننىڭ باشتىلا «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»دا پەيدا بولۇش ئېھتىمالى بولغان پاسسىپ تەسىرگە، يەنى ھۆكۈمەت كونترول قىلىشنى كۈچەيتىش، شەخسىي ئەركىنلىكنى چەكلەش، ھوقۇقنى مەجبۇرىي مەركەزلەشتۈرۈش قاتارلىقلارغا دىققەت قىلىشىدىكى سەۋەب، بۇ ھۆججەتنىڭ جېففېرسون قەلەم تەۋرەتكەن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دىكى ئاساسىي تېما بىلەن ماس كەلمەيدىغان قائىدىلىرى بار ئىدى. ئەگەر «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»نى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بۇ ئىككى ھۆججەتنىڭ (ئۇلار «ئامېرىكا ھۆججەتنى ئىجاد قىلىش» بولۇپ قالغان) ئۆزئارا ئوخشىمايدىغان جايلىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى.

«مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»دا، شەخسنىڭ ئەركىنلىكى ۋە قىممىتى، «شەخسىي ئەركىنلەشتۈرۈش» روھىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىش ھەمدە ھۆكۈمەتنىڭ شەخسنىڭ جانجان ھوقۇقىغا ئارىلىشىش ھوقۇقىنىڭ بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەندى. «فېدېراتسىيە ئاساسىي قانۇنى»دا ئادەمنىڭ ئاجىزلىقلىرى گەۋدىلىك تەكىتلەنگەن ھەمدە بىللە مەۋجۇت بولۇشقا تايىنىدىغان سىياسىيغا تايىنىش ئارقىلىق ئەركىنلىك ۋە مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان كۈچلۈك سىياسىي ھاكىمىيەت قۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغانىدى. بۇ نەزەرىيەۋى ئاساس كېيىنچە «ئەركىنلىكنى كۆپ مەنبەلەشتۈرۈش»تىن ئىبارەت ھوقۇقنى ئايرىش ئىدىيەسىگە تەرەققىي قىلدۇ.

جېففېرسون جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىش ۋە يۈكسىلىشىگە تەلپۈنۈپ، مۇستەبىت تۈزۈمگە قارشى تۇردۇ. خەلقنىڭ دېموكراتىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىپ، ئۇزۈكسىز ئىسلاھات قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى

سۆرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ خەلققە مۇۋاپىق دېموكراتىك هوقۇقى، سىياسىي ئەركىنلىك ۋە تەربىيەلىنىش پۇرسىتى بېرىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. جېففېرسون: «جەمئىيەت تەرەققىياتى مەسىلىسىگە قارىتا، ئىنسانلارنىڭ ئىلىم ـ پەن، ئەخلاق ۋە سىياسىي تۈزۈم جەھەتلەردىكى مۇۋەپپەقىيەتى تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشى مۇمكىن. بىز تۈزۈمنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ تەرەققىي قىلىشىنى قوللايمىز. بىزچە تەرەققىياتنى هېچقانداق مۇقىم كاتېگورىيە ئارقىلىق چەكلىگىلى بولمايدۇ» دېگەنىدى.

كېيىن، جېففېرسوننىڭ بۇ ئاساسىي قانۇنغا بولغان تەنقىدى بارا ـ بارا ئازىيىدۇ ھەمدە يۇقىرى باھا بېرىپ، ئاساسىي قانۇن «بىر مۇنەۋۋەر ماي بوياق رەسىمى بولۇپ، پەقەت ئېھتىياجلىق جايلىرىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدۇ» دەيدۇ. لېكىن، ئۇ يەنىلا مۇستەبىتلىك ۋە زوراۋانلىقتىن ھەر ۋاقىت ھوشيار ئىدى.

ئاساسىي قانۇن ماقۇللانغاندىن كېيىن، قوشما ئىشتاتلاردا يېڭىچە فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ، خىزمەتلەر جىددىي قانات يايىدۇ. بۇ چاغدا، جېففېرسوننىڭ دىققىتى فىرانسىيەنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا مەركەزلىشىدۇ. جېففېرسوننىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇشتىن ئىلگىرى، ئۇ فىرانسىيە تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ۋەقە، يەنى فىرانسىيە ئىنقىلابىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىدۇ.

فىرانسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىدۇ. جېففېرسون فىرانسىيە ئىنقىلابىنى «دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە»، ئۇنى ئامېرىكىنىڭ دېموكراتىيەسىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. ئۇ:

«مېنىڭچە، بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز مەلۇم دەرىجىدە فىرانسىيە ئىنقىلابى ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىشى كېرەك. ئەگەر فىرانسىيە ئىنقىلابى مەغلۇپ بولسا، بىزنىڭ دېموكراتىيەنى قولغا كەلتۈرۈش كۈرىشىمىزنىڭ ئىستىقبالىغا تەسىر يەتكۈزىدۇ» دەيدۇ.

1789 ـ يىلى 8 ـ ئايدا جېففېرسون ۋەتىنىگە قايتىش ئىجازىتىگە ئېرىشىدۇ.

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى چۈشتە نورفولىكقا بارىدىغان «كىلىمىن» ناملىق پاراخوتقا چىقىش بىلەن، ئۇنىڭ بەش يىللىق ئەلچىلىك ھاياتى ئاخىرلىشىدۇ.

## 6. تەۋرەنمەس جۇمھۇرىيەتچى سىياسىيون

### ئامېرىكىنىڭ تۇنجى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇش

1789 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، «كىلىمىن» ناملىق پاراخوت نورفولىكقا يېتىپ كېلىدۇ. بەش يىل ئۆتۈپ جېففېرسون ئامېرىكا زېمىنىغا قايتا قەدەم باسقانىدى. ئەسلىدە، بۇ قېتىم ۋەتەنگە قايتىپ ئىككى ئاي دەم ئالغاندىن كېيىن، يەنە پارىژغا قايتىشى كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇ قۇرۇقلۇققا كېلىپلا، ئۆزىنىڭ ۋاشىنگتون ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلايدۇ.

ۋاشىنگتون جېففېرسوننىڭ ئۆز خىزمەت قاتلىمىغا كىرىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى. جېففېرسون 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى ۋاشىنگتوننىڭ ئۆزىنى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىغا تەكلىپ قىلغانلىق خېتىنى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بىر قانچە كۈن ئۆتۈپ، جېففېرسون جاۋاب خەت يازىدۇ ھەمدە بىر جەھەتتىن زۇڭتۇڭنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتسا، يەنە بىر تەرەپتىن دۆلەت ئىشلىرى كاتىپىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. پارلامېنت دەسلەپتە بىر دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى تەسىس قىلغان بولۇپ، كېيىنچە مالىيە

مىنىستىرلىقى بىلەن قوروقلۇق ئارمىيە قىسمى قوروۇلغاندىن كېيىن، دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى باشقا بارلىق ئىشلارنى قوشۇۋېتىپ، پارلامېنت بىرتوتاش باشقۇرۇشنى قارار قىلغاندى.

جېففېرسون نورفولكتىن كېتىدۇ. يول بويى دوست ـ بۇرادەرلىرىنى يوقلاپ ئۆتىدۇ، ئۇ يەنە يول ئۇستىدە ۋاشىنگتونغا خەت يېزىپ، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇشنى خالىمايدىغانلىقىنى، بەلكى فىرانسىيەگە قايتىپ خىزمەت قىلىشنى خالايدىغانلىقىنى، ئەگەر زۆڭتۆك ئېلىپ قالىمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالسا، زۆڭتۆك ئومۇمغا ئەڭ پايدىلىق دەپ قارايدىغان خىزمەتكە بەلگىلىسە قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى سەمىمىيلىك بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

مادىسون بىلەن ۋاشىنگتون ئۇنىڭغا بۇ خىزمەتنى ئۆتەش ھەققىدە نەسىھەت قىلىدۇ، ھەتتا مادىسون ئالاھىدە ماندىسلوغا كېلىپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدۇ. ۋاشىنگتونمۇ تەكرار ـ تەكرار: «مەن ھەر تەرەپلىمە ئىگىلىگەن ئەھۋالغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا سىزنى ۋەزىپىگە تەيىنلىگەنلىكىمىز ئاممىنى ناھايىتى خۇشال قىلغان ۋە رازى قىلغان» دەيدۇ. 1790 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، جېففېرسون ناھايىتى قىزىقىش ھېسسىياتى بىلەن، ئۆزىنىڭ زۆڭتۆڭنىڭ بۇيرۇقىنى ئاخىر قوبۇل قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

بىراق، جېففېرسون دەرھال خىزمەتكە چۈشمەيدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئەمدىلا 17 گە كىرگەن چوڭ قىزى ماشاغا چاي ئىچكۈزمەكچى ئىدى.

جېففېرسون نىيۇيوركتىكى يېڭى خىزمىتى بىلەن ئالدىراش بولغانلىقتىن، ماشا جېففېرسون بىلەن كىچىك توماس مان راندولپ 1790 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ماندىسلودا توي

ئىشنى پۈتتۈرىدۇ.

جېففېرسون كۈيئوغلىغا ئامراق بولۇپ، ئۇنى «ئەقىللىق، دۇرۇس» دەپ ماختايتتى، شۇڭا بۇ تويدىنمۇ ناھايىتى رازى ئىدى. راندولپىنىڭ دادىسى ئۇلارغا ۋارنادىكى بىر ئېكىنزارلىقىنى بېرىشكە ماقۇل بولىدۇ. جېففېرسون قەرزگە بوغۇلۇپ كەتكەنلىكتىن، قىزىغا بەرگۈدەك پۇلى يوق ئىدى. شۇڭا 1000 ئىنگلىز موسى كېلىدىغان ئورمانلىق بىلەن 25 قۇلنى قىزىغا بېرىدۇ.

جېففېرسون قىزىنىڭ نىكاھ ئىشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلۈپ، قىزىغا ئېرىگە ياخشى مۇئامىلە قىلغاندىلا، كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك بولالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. جېففېرسون قىزىغا يازغان خېتىدە: «تۇرمۇشىڭنىڭ خۇشال ئۆتۈشى، ئېرىڭنى خۇشال قىلىش ـ قىلالماسلىقىڭغا باغلىق. بۇ نىشان بىلەن سېلىشتۇرغاندا باشقىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، ھەتتا ماڭا بولغان مۇھەببىتىڭمۇ بۇنىڭ ئىچىدە.» دەپ يازىدۇ. 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جېففېرسون نىيۇيوركقا كېلىدۇ. جېففېرسون بىلەن چوڭ قىزىنىڭ مۇھەببىتى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، بىردەم ئايرىلسا سېغىنىش ھېسسىياتىغا چۆمۈلەتتى. خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، جېففېرسون قەيەردە خىزمەت قىلىشىدىن قەتئىينەزەر ماشانى ئېلىپ يۈرەتتى ھەمدە ئۇنىڭ ئۆگىنىشىگە ۋە باشقىلارغا مۇئامىلە قىلىشىغا پۇختا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا زور ئۈمىد باغلىغانىدى. ئۇنىڭ ئىككىنچى قىزى بىلەن بولغان ھېسسىيات مۇناسىۋىتى ماشادەك چوڭقۇر ئەمەس ئىدى.

جېففېرسون نىيۇيوركقا كەلگەن 1 ـ كۈنى دەل يەكشەنبە ئىدى. 3 ـ ئايدىكى نىيۇيورك ئازراق سوغۇق بولسىمۇ، باھارنىڭ قەدىمى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقتىن، ھەممىلا يەر

قىشنىڭ كېتىپ باھارنىڭ كېلىشىدىكى قىزغىن كەيپىياتقا تولغانىدى. جېففېرسون ئۇستىدىكى چاڭ - توزاننى قېقىشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن، نىيۇيوركقا كېلىپلا زۇڭتۇڭ ۋاشىنگتونغا ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ، خىزمىتىنى باشلىۋېتىدۇ. ئەمما، جېففېرسون دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگىنى، ئۇنىڭ بىلەن مالىيە مىنىستىرى ھامىلتون ئارىسىدىكى «مۇتلەق چىقىشالمايدىغان» كۈرەش ئىدى.

بەزى بىيوگرافلارنىڭ قارىشىچە، جېففېرسون بىلەن ھامىلتوننىڭ چىقىشالماسلىق سەۋەبى ئىككى خىل ئىكەن: بىرى، ھامىلتوننىڭ ھوقۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ۋاشىنگتوننىڭ ئىچكى كابىنېتىدا، ئۇ پارلامېنتنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كىچىكلىتىپ، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنغان، ھەتتا دىپلوماتىيە جەھەتتىمۇ پارلامېنتنىڭ خىزمىتىگە مۇداخىلە قىلغانىدى. يەنە بىرى، ھامىلتوننىڭ مالىيە سىياسىتى، بولۇپمۇ ئۇستىگە يېزىلغان سومما بويىچە ئۇرۇش مەزگىلىدە تارقىتىلغان قەرزنى قايتۇرۇش، فېدېراتسىيە ھۆكۈمەت ئىشتاتلارنىڭ قەرزنى قايتۇرۇشنى ئۇستىگە ئېلىش، ئىستىقبال بېجىنى يولغا قويۇپ، يۇقىرى خەلقنىڭ شىللىسىگە ئارتىپ قويۇش سىياسىتى — بىر تەرەپتىن پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستلىرى، ھايانكەش سودىگەرلەر، پاي چېكى دەللاللىرىنى ھارام يول بىلەن بېيىتسا، يەنە بىر تەرەپتىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتىپ، خەلقنى تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇۋېرىدۇ. ئەسلىدە، خەلق ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەردە زايوم بولسىمۇ، لېكىن كېيىن تۇرمۇشنىڭ بېسىمى بىلەن تۆۋەن باھادا سېتىۋەتكەنىدى. ھۆكۈمەتنىڭ

چەككە يېزىلغان سومما بويىچە قەرز قايتۇرىدىغانلىقىنى بىلدىنغان ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋىتى بار چوڭ پۇل مۇئامىلە كاپىتالىستلىرى، ھايانكەش سودىگەرلەر قەرز چېكىنى تالىشىپ سېتىۋالغانىدى. نەتىجىدە، ئەسلىدە قەرز چېكى سېتىۋالغانلار زىيان تارتىپ، قەرز چېكىنى تالىشىپ سېتىۋالغانلار ھارامدىن پايدا ئالغانىدى. يەنە كېلىپ، فېدېراتىپ ھۆكۈمەت قۇرۇلغانغا قەدەر بەزى ئىشتاتلار (ۋىرگىنىيە ئىشتاتى) ئىشتاتنىڭ قەرزىنى ئاساسەن قايتۇرۇپ بولغانىدى. بەزى ئىشتاتلار قەرز چېكى تارقاتمىغان بولۇپ، ئەمدىلىكتە فېدېراتىپ ھۆكۈمەت ئىشتاتنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا مەسئۇل بولسا، بۇ ئىشتاتلار چوڭ زىيان تارتاتتى.

جېففېرسون ھامىلتوننىڭ بۇ خىل مالىيە سىياسىتى ئارقىلىق يۇقىرى قاتلام بۇرژۇئا ئۇنسۇرلىرى بىلەن فېدېراتىپ ھۆكۈمەتنىڭ شېرىكلىشىش ئۇسۇلىغا بەكمۇ نارازى ئىدى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، ئىتتىپاق پارتىيەسى بىلەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى ئارىسىدىكى گۈرۈھلار كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ، ئىككى پارتىيەنىڭ ۋەكىلى بولغان ھامىلتون بىلەن جېففېرسون ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي ئىختىلاپمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. بىراق، ھەر ئىككىلا تەرەپ زوڭتوڭ ۋاشىنگتوننىڭ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتىشىنى قوللايدۇ. ۋاشىنگتون گەرچە ئۆزىنىڭ قايسى پارتىيەگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىق جاكارلىمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى - تاشقى سىياسىتى، ئۇنىڭ ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن بىر تەرەپتە تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى.

1792 - يىلىدىن باشلاپ، ئىتتىپاق پارتىيەسى بىلەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش

كەسكىنلىشىپ، زوڭتوڭمۇ بۇ كۈرەش قوينىغا كىرىپ كېتىدۇ. شۇ يىلى، جېففېرسون زوڭتوڭغا ئۆزىنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈردى.

ۋاشىنگتون جېففېرسوننىڭ بۇ ئىرادىسىدىن بەكمۇ ئەنسىرەپ، «تەسىرلىك سۆزى» ئارقىلىق بۇنداق قىلماسلىق توغرىسىدا نەسىھەت قىلىدۇ. زوڭتوڭ ۋاشىنگتون مۇنداق دەيدۇ: «ئۆزۈمگە كەلسەم، مېنىڭمۇ پېنسىيەگە چىقىشقا نۇرغۇن سەۋەبلىرىم بار. مېنى باشقىلار تەكرار تەۋسىيە قىلغاندىن كېيىن يېڭى ھۆكۈمەتكە قاتنىششقا قوشۇلغان، مەقسەت ھۆكۈمەتنىڭ توغرا يولدا مېڭىشىغا ياردەم بېرىش ئىدى. ئەگەر داۋاملىق ئىشلىسەم، باشقىلار مېنى ئەمەلنىڭ تەمىنى تېتىپ ۋەزىپىسىدىن ۋاز كېچىشكە قىيالمايۋاتقان ئوخشايدۇ، دېيىشى مۇمكىن.»

جېففېرسون جاۋابەن، ئۆزىنىڭ سىياسىيغا ئارىلاشقان دەسلەپكى چاغلىرىدا نائىلاج قالغانلىقىنى، ئۇچكى كابىنېتتا ۋەزىپە قوبۇل قىلغاندا زوڭتوڭ چېكىنگەن كۈن ئۆزىنىڭمۇ خىزمەتتىن چېكىنگەن ۋاقتى بولىدىغانلىقىنى قارار قىلغان بولۇپ، ھازىر خىزمەتتىن زېرىككەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ ھۆكۈمەتتىكى خىزمەتداشلىرىدىن ھېچكىمنىڭ خىزمەتتىن چېكىنىشىنى ئويلىمىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ۋاشىنگتون جېففېرسون بىلەن ھامىلتون ئوتتۇرىسىدىكى جىددىي مۇناسىۋەتنى بالدۇرلا سەزگەنىدى. ئەمما، ئۇ نەسىھەت قىلىپ: «مالىيە مىنىستىرلىقى ھوقۇقى چەكلىك تارماق، ئۇ پەقەت باج ئىشلىرىنىلا ئىدارە قىلىدۇ. ئەمما، پارلامېنت ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ قىسىم ئىشلىرىنى باشقۇرۇشى كېرەك. ئۇ مالىيە مىنىستىرلىقىدىن مۇھىم. شۇڭا، دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىق خىزمىتى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تېخىمۇ قوزغايدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭى ھۆكۈمەت ئەمدىلا ئىش باشلىدى. گەرچە خەلق ئاممىسى ئاساسەن رازى بولسىمۇ، نارازى بولىدىغان ئىشلار تېخى كۆپ. ئەگەر ھۆكۈمەت خادىملىرىدا يەنە چوڭ ئۆزگىرىش بولسا، نارازىلىق كەيپىياتى يەنە ھەرقانداق چەككە يېتىدۇ ـ دە، ئاقىۋەتنى مۆلچەرلەش قىيىن» دەيدۇ.

جېففېرسون بىلەن ۋاشىنگتون بىرقانچە قېتىم مەخپىي ھەم قىزغىن سۆھبەت ئۆتكۈزىدۇ. ۋاشىنگتون جېففېرسوننىڭ تالانتى، دىپلوماتىيە بىلىمى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىغا يۈكسەك باھا بېرىدۇ. ئىككىيلەن جېففېرسوننىڭ كۈزدە ۋاقىتلىق خىزمەتتىن ئايرىلىشىغا رۇخسەت قىلىش، قايتىپ كەلگەندىن كېيىن داۋاملىق كېيىنكى يىلى 1 ـ ئايغىچە ۋەزىپە ئۆتەشتىن ئىبارەت بىر تۈرلۈك كېلىشىم ھاسىل قىلىدۇ.

ئۈچ يىلدىن ئارتۇق داۋاملاشقان سىياسىي كۈرەش جېففېرسوننى بالدۇرلا بىزار قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ۋاشىنگتون بىلەن ھاسىل قىلغان كېلىشىمگە رىئايە قىلىپ، 1793 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ھەمدە 1794 ـ يىلى 1 ـ ئايدا ماندىسلودىكى قورۇسىغا قايتىپ كېلىدۇ.

1794 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ۋاشىنگتون ھامىلتوننىڭ تەسىرى بىلەن، ئەنگلىيەگە مۇرەسسەچىلىك قىلىدىغان «جون جېي شەرتنامىسى»گە ئىمزا قويىدۇ. بۇ شەرتنامىنى يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ باش سوتچىسى جون جېي ئامېرىكىغا ۋاكالىتەن 1794 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن ئىمزالىغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپنە قىلىۋەتكەنىدى. بۇ شەرتنامە ئامېرىكا ھۆكۈمرانلىق گۇرۇھىنىڭ ئىچكى قىسمىدا قاتتىق تالاش ـ تارتىش كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە پۈتۈن

مەملىكەت خەلقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ. ھامىلتون بىسىم ئاستىدا ئىستېپا بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

## قىسقىغىنە ئارام تېپىش

ئىگىز يۈكتىن قۇتۇلغان جېففېرسون 1794 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى فىلادېلفىيە بىلەن خوشلىشىپ، 1 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا يادىدىن چىقمايدىغان قورۇسى — ماندىسلوغا كېلىدۇ. جېففېرسون ئاممىۋى پائالىيەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ئۈچۈن، بارلىق سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئەمدى سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشماسلىق نىيىتىگە كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ بىر دوستىغا، ئۆزىنىڭ «سىياسىي سەپتىن قايتىپ چىققانلىقىنى، ئائىلە، ئېكىنزارلىق ۋە كىتابلىرىنىڭ قوينىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى» ئېيتىدۇ.

ماندىسلوغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، جېففېرسوننىڭ كۆڭلى بارا ـ بارا ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ «باغۋەنچىلىك قائىدىسى»نى داۋاملىق يېزىشقا كىرىشىدۇ. ئۇ «2 ـ ئايدا، بىر توپ ئاق قۇ نىيۇيورك ئاسمىنىدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. 3 ـ ئايدا، ئۆرۈك، شاپتۇل چېچەكلىرىنىڭ ھەممىسى تارىلىدۇ» دەپ يازىدۇ.

جېففېرسوننىڭ ماندىسلودىن ئايرىلغىنىغا ھەش ـ پەش دېگۈچە 10 يىل بولغان بولۇپ، نازارەتچىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەن زېمىنى ئۇ قايتىپ كەلگەندە مۇۋاپىق ئىشلىتىلمىگەنلىكتىن، ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىنمۇ ئۇنۇمسىزلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر يۈرۈش دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىشنى يۇرۇنلا ئويلىغان بولسىمۇ، ئەمدىلا ئەمەلدە كۆرسىتىشكە ۋاقىت چىققانىدى. ئۇ تېرىلغۇ يېرىنى يەتتە پارچە قىلىپ، بۇغداي، ماش، بەرەڭگى، ئارپا قاتارلىقلارنى نۆۋەتلەشتۇرۇپ تېرىماقچى

بولىدۇ. ئۇ، يەرلەرنىڭ ئىنتايىن ئۇنۇمسىزلىشىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، كۆڭۈل قويۇپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، دەپ قارايدۇ. مۇھەبەتنى گۈزەللەشتۈرۈش، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، ئۇ ھەربىر پارچە يەرنىڭ ئەتراپىغا شاپتۇلنى ئېتىز پاسىلى قىلىپ، جەمئىي 1175 تۈپ شاپتۇل تىكىدۇ.

جېففېرسوننىڭ ئالبېمار ناھىيەسىدە 10 مىڭ ئىنگلىز موسى كېلىدىغان زېمىنى بولسىمۇ، بىراق بۇنىڭ ئىچىدىكى تېرىلغۇ يەر كۆلىمى ئاران 1200 ئىنگلىز موسى (2000 ئىنگلىز موسى دېيىشكىمۇ بولاتتى) كېلەتتى. ئۇ فىرانسىيەدىكى دوستى ۋولىنغا خەت يېزىپ: «بۇ تاغلار ئامېرىكىنىڭ جەننىتى» دېگەنىدى. 1794 - يىلى 11 - ئايدا ئۆزىنىڭ ئالبېمار ناھىيەسىدىكى جەمئىي 105 قۇلىنىڭ يەتتە پارچە ئېتىزلىقتا تېرىقچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا بىدرۇف ناھىيەسىدە يەنە 49 قۇلىنىڭ بارلىقىنى ئىستاتىستىكا قىلغانىدى.

1794 - يىلى 1 - ئايدىن 1797 - يىلى 2 - ئايغىچە، يەنى جېففېرسون ماندىسلوغا قايتىپ كېلىپ يەنە فىلادېلفىيەگە بېرىپ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغانغىچە بولغان ئارىلىق، جېففېرسوننىڭ تۇرمۇشىدىكى ئەڭ سىرلىق باسقۇچ دەپ قارىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ خىزمەتتىن چېكىنىپ خىلۋەت تېغدا گېزىتمۇ كۆرمەي، خەت - چەكنىمۇ ئاز يېزىپ، ئۆزى يالغۇز قىشلاق ھاياتىنى ئۆتكۈزگەنىدى. چوڭ قىزى ئېرى بىلەن سىرتقا كۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، يېقىن دوست - بۇرادەرلىرى يازدىلا يوقلاپ كېلەتتى. شۇڭا، خېلى بىر مەزگىلدە، جېففېرسون خۇددى خىيالىي جەننەتتە ياشىغاندەك بولغانىدى، كۆپىنچە ۋاقىتتا 100 دىن ئارتۇق نېگىر قۇلى بىلەن بىللە بولاتتى. بۇ، كىشىگە ئۇنىڭ

نېگىر قۇللىرى بىلەن بىرگە ئۆتكەن بالىلىق دەۋرىنى ئەسلىمەتتى. ئۇ ۋاشىنگتوننىڭ ئىسپانىيەگە بېرىپ پەۋقۇلئاددە ئەلچى بولۇش تەكلىپىنى رەت قىلغان بولۇپ، جاۋاب خېتىدە: «مېنى ھېچنەرسە ئامىرىكا ئۆزۈمنىڭ قويىنىدىن قوزغىتالمايدۇ» دەپ يازىدۇ. دېمەك، سىياسىي ئۇنىڭ كاللىسىدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغىنى جىمجىتلىق ۋە ئاتاق ـ ئابرۇيغا قىزىقماسلىق ئىدى.

جېففېرسون گوررزىنى تاشلاپ كەتمەننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بىر خىل شادىيانە جەننەت تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. ئەمما، بەزى ئىشلار ئۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ. ئۇ خىزمەتتىن چېكىنگەن بولسىمۇ، بىراق سىياسىيدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدۇ. ئۇ سىياسىيدىن بىزار بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا بىلدۈرسىمۇ، ئەمما ئىدىيەسى ھەمىشە قالايمىقان ئىدى.

مادىسون جېففېرسونغا خەت يېزىپ، ئۇنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ۋاشىنگتوننىڭ ئىزباسارى بولۇشقا كۆرسىتىش مۇمكىنلىكىنى ئاشكارىلىغاندا، جېففېرسون ئۇزۇن بىر پارچە جاۋاب خەت يېزىپ، مادىسوننىڭ ئەڭ ياخشى نامزات ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ ھەمدە: «مېنىڭ ياش ۋاقتىمدىكى جاسارىتىم ئاللىبۇرۇن يوقالغان» دەيدۇ. ئۇ ھەتتا فرانسىيەلىك بىر دوستى پوچتىدىن ئەۋەتكەن كىتابنىمۇ: «بۇ سىياسىيغا دائىر كىتاب ئىكەن، مېنى قىزىقتۇرالمايدۇ. مەن بۇ تېمىدىن نەپرەتلىنىمەن. شۇڭا، بۇ كىتابنى ئوقۇپ تۇگىتىشىم قىيىن.» دەيدۇ.

جېففېرسون زۇكتۇكلۇقنى تالاشقۇچىلاردىن بولۇشنى خالىمايتتى. ئەمما، ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى.

پارلامېنتقا مەركەزلەشكەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر ۋاشىنگتون ئىستىپپا بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، توماس جېففېرسون بىلەن مەسلىھەتلەشمەيلا، ئۇنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ زوڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەنىدى. جېففېرسون بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن: «مېنىڭ ئىسمىم يەنە ئوتتۇرىغا چىقىپتۇ، بۇ ھەم مېنىڭ ماقۇللۇقىمدىن ئۆتمىگەن، ھەم مەن بۇنى كۈتمىگەن؛ مەن ئۆز ۋىجدانىم ئارقىلىق بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنى جاكارلايمەن» دەپ بايانات ئېلان قىلدى.

سايلام جەريانىدا، ماقالە بىلەن گېزىت ـ ژۇرناللاردىكى مۇنازىرە تېمىسى ئىككى نەپەر سايلام رىقابەتچىسىنىڭ پەزىلىتى ئىدى. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر جېففېروسوننى «خەلق ھوقۇقىنىڭ ئېگىلمەس دوستى»، «پۇقرالارنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىنى ئىزچىل تەشەببۇس قىلغۇچى» دەپ ماختىسا، جون ئادامسنى «مىراسخورلۇقنىڭ گۇپپاڭچىسى»، «تەبىقىنى ھىمايە قىلىپ، تەخت ۋارىسىنى قوللىغۇچى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى «توماس جېففېرسون تەۋرەنمەس جۇمھۇرىيەتچى، جون ئادامس ئاشكارا خانپەرەس» دەپ تەشۋىق قىلىدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر ئادامسىنىڭ ئوغلى بار، ئۇلار ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلىشنى ئويلىغان بولۇشى مۇمكىن، جېففېرسوننىڭ ۋاشىنگتونغا ئوخشاشلا ئوغلى يوق، دېيىشىدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرنى زېرىكمەستىن ـ تېرىكمەستىن سايلىغۇچىلارنىڭ سەمىگە سالىدۇ: «جېففېرسون ئالدى بىلەن ئامېرىكىنىڭ ‹مۇستەقىللىق خىتابنامىسى›نى تۈزگەن. زوڭتۇڭ بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق زۆرۈر شەرتلەرنى ھازىرلىغان، ئەخلاقى ئىزچىل ياخشى،

ئىرادىسى قەتئىي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى مول سىياسىي بىلىمگە ئىگە.»

ئادامىسنىڭ قوللىغۇچىلىرى، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر، جېففېرسوننىڭ «بىلىمى كۆپ بولغان بىلەن، ئاساسلىقى پەن جەھەتتىكى بىلىمدۇر. بىر سىياسىيونغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇنىڭ ھېچقانچە پايدىسى يوق، چۈنكى سىياسىيونلارنىڭ قىلىدىغىنى كىتاب يېزىش ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتكە ھۆكۈم قىلىش» دېگەننى تەشۋىق قىلىدۇ. يەنە بەزىلەر جېففېرسوننىڭ ئامېرىكا خىزمەت ئىپادىسىدىن قارىغاندا ئۇ «ئاجىز، تەۋرىنىشچان، لىگىتاسىما ئادەم»، «جېففېرسون ھەرىكەت قوللىنىشقا توغرا كەلگەندە قاتمۇقات ئەندىشىدە قالىدۇ. قىلىشقا توغرا كەلگەندىمۇ، سۈكۈت قىلىدۇ، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل ياكى ئاخىرغىچە چىڭ تۇرالمايدۇ، ئىجرا قىلغىنى ھەممىشە خىيالىي، ئۆزئارا زىددىيەتلىك نەرەرىيەدۇر. كۆپ سانلىق كىشىلەرگە ئوخشاش جېففېرسون خۇشامەت سۆزلىرىگە ئامراق» دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر «ئالىي مەكتەپنىڭ پىروفېسسورى، پەن تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى، ھەتتا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولۇشقا ماس كېلىدۇ، ئەمما بىر ئۇلۇغ دۆلەتنىڭ بىرىنچى قول رەھبىرى بولۇشقا ھەرگىز بولمايدۇ» دەپ قارايدۇ.

ئاساسىي قانۇن ۋە پارلامېنتنىڭ زۇڭتۇڭغا بىلەت تاشلىغۇچىلارنى قانداق بېكىتىش چارىسى قارار قىلىنمىغانلىقتىن، ھەرقايسى ئىشتاتلار ئۆز ئالدىغا قارار قىلاتتى. ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ شەرقىي شىمالدىكى تەسىرى بىرقەدەر كۈچلۈك، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ تەسىر كۈچى بولسا جەنۇبىي قىسمىدا كۈچلۈك ئىدى. 1796 ـ يىلى، ئالتە ئىشتات رايون ياكى بىر پارچە

ئومۇمىي سايلام بېلەتى بويىچە ئاماما سايلاش چارىسىنى قوللىنىدۇ. ھەرقايسى ئىشتاتلارنىڭ بېلەت تاشلاش ۋاقتىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. جېففېرسون بولسا ماندىسلودا تۇرۇپ پات ـ پات كېلىۋاتقان خەۋەرلەردىن رىقابەتنىڭ تەرەققىياتىنى كۆزىتىۋاتاتتى.

سايلام نەتىجىسىدە ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر غەلىبىگە ئېرىشىپ، ئادامس 71 بېلەت بىلەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىدۇ، جېففېرسون 68 بېلەت بىلەن ئىككىنچى بولىدۇ، توماس پىنكىن 59 بېلەت، ھەيلۇن بول 30 بېلەتكە ئېرىشىدۇ. ئادامس يېڭى ئىنگلاند، نىيۇيورك، يېڭى جېرسىي ۋە دېلاۋېر ئىشتاتىدا تولۇق بېلەتكە ئېرىشىپ، مارىلاندىكى 10 رايوننىڭ يەتتە رايونىدا غەلىبە قىلغانىدى. جېففېرسون پېنسىلۋانىيەدىكى 15 سايلام بېلەتى ئىچىدە 14 بېلەتكە، ۋىرگىنىيەدىكى 21 بېلەت ئىچىدە 20 بېلەتكە، شىمالىي كارولىنادىكى 12 بېلەت ئىچىدە 11 بېلەتكە ئېرىشىپ، جەنۇبىي كارولىنا، جورجىيە كېنتۇككى ۋە تېننىسى ئىشتاتلىرىدا تولۇق غەلىبە قىلغانىدى. يىغىۋېلىنغان سايلام بېلەتىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئادامسنىڭ ئۈستۈنلۈكى پېنسىلۋانىيە، ۋىرگىنىيە ۋە شىمالىي كارونا ئىشتاتىنىڭ ئۈچ بېلەتىدىن كەلگەنىدى.

1804 ـ يىلدىن ئىلگىرى ئاساسىي قانۇندا زۇڭتۇڭ ۋە مۇئاۋىن زۇڭتۇڭنى سايلاشتا ئايرىم ـ ئايرىم بېلەت تاشلاش بېكىتىلمىگەن بولسىمۇ، بېلەتى بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان نامزاتنىڭ زۇڭتۇڭ، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولىدىغانلىقى بەلگىلەنگەنىدى. جېففېرسون مۇشۇ بەلگىلىمىگە ئاساسەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولىدۇ. 1804 ـ يىلى ماقۇللانغان «12 ـ ماددىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسى»دە، زۇڭتۇڭ بىلەن مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ ئايرىم ـ ئايرىم بىلەت تاشلاش

بەلگىلىنىدۇ.

سايلام ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر «فىرانسىيە پارتىيەسى تەختتىن چۈشتى» دەپ شادلىنىدۇ. كېيىنكى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇلارنىڭ يەكۈنى بەك بالدۇر چىقىرىلغانىدى. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت پارتىيەسى ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى جېففېرسوننىڭ مۇئاۋىنلىقنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىقى ئىدى. مادىسون مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ: ئەگەر مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق تېگىپ قالسا چوقۇم رەت قىلماڭ، دەيدۇ. جېففېرسون يەنىلا تەمكىن بولۇپ، مادىسوننىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋېلىپلا ئۆزىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا بېكىتىلىپ بولغانلىقىنى بىلىدۇ ھەمدە جاۋاب خەت يېزىپ، مۇئاۋىن بولغانلىقىدىن ئازابلانمايدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ: ھۆرمەتلىك ئادامسىنىڭ ياردەمچىسى بولغاندا، يۈز تۆكۈلىدىغان مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، دەيدۇ. ئۇ باشقا بىر دوستىغا يازغان خېتىدە: ئادامسقا ئىشىنىش ئاساسىنىڭ بارلىقىنى: ئۇنىڭ ھامىلتوندىن ئاللىبۇرۇن قول ئۈزۈپ، سىياسىي قاراشلىرىنىڭمۇ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

1797 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى خىزمەتكە چۈشۈش مۇراسىمى ئۆزئارا دوستلۇق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ زۇڭتۇڭى بىلەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭى ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پارتىيە، گۇرۇھ ئىنقىلابى كۆرۈلمەيدۇ. 54 ياشلىق جېففېرسون كېڭەش پالاتاسىدا قەسەم بېرىپ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا ئولتۇرىدۇ ھەمدە قىسقىلا نۇتۇق سۆزلەپ، ئارقىدىنلا ئاۋام پالاتاسىنىڭ يىغىن زالىغا كىرىدۇ. پۈزۈر ياسانغان ئادامس ئۇ يەردە قەسەم بېرىپ زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يارىشىش خاراكتېرىنى ئالغان ئىشقا چۈشۈش نۇتۇقى سۆزلەيدۇ.

يېڭى بىر دۆلەتتىكى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش، ۋاشىنگتون قالدۇرۇپ كەتكەن ئەڭ ئاخىرقى مىراس. بىر جەنۇبىي كارونالىق مۇنداق يازغانىدى: «ھاكىمىيەت يۇرگۈزگۈچىنىڭ ئالمىشىشى بۇ يەردە بەكمۇ ئاسان ۋە تىنچلا بولىدۇ. ئۇ ھەتتا ئارىمىزدىكى ھۆكۈمەت ۋە پۇقرالاردىن تەبرىكلەپ كەلگۈچىلەرنىمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ، جون ئادامس 3 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى تىپتىنچلا قەسەم بېرىپ ئىشقا چۈشتى، ۋاشىنگتون پۇقرالىق سالاھىيىتى بىلەن مۇراسىمغا قاتناشتى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، ئۇ ئۇن ـ تىنسىزلا تاغلىق قورۇسىغا قايتتى. ئۇنىڭ ئورنىغا چىققانلارمۇ ئوخشاشلا تىپتىنچلا ئىشنى پۈتتۈردى.»

جېففېرسون ئۇچۇن ئېيتقاندا، مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ بولغاندىنمۇ بەكرەك خاتىرىلەش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغىنى شۇكى، ئۇ ئىشقا چۈشۈشتىن سەل ئىلگىرى يەنە ئامېرىكا پەلسەپە جەمئىيىتىنىڭ رەئىسلىكىگە سايلانغانىدى. سايلام نەتىجىسى ئېلان قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ ئۆزىنىڭ مەرھۇم داۋىد رىتونمىس (بېنجامىن فىرانكلىننىڭ ئىزباسارى)نىڭ ئورنىغا مۇشۇ مەملىكەتتىكى ئەڭ مۇھىم ئىلىم ـ پەن ۋە پەلسەپە تەتقىقات ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى بولغانلىق ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدۇ. جېففېرسون بۇ شەرەپنى باشتىن ـ ئاخىر قەدىرلەپ، 1815 ـ يىلىغا كەلگەندىلا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

جېففېرسون «تىنچ ئولتۇرۇپ پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىش»قا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، سىياسىيغا ئانچە قىزىقمايتتى، بىراق ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ سىياسىي ئىشنىڭ ئۆزى ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسە بولۇپ قالغانلىقىنى بايقايدۇ.

بۇ چاغدا، ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئارىسىدىكى بۆلۈنۈش بارغانسېرى چوڭقۇر ـ

لىشىپ، دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى ناھايىتى كەسكىنلەشكەنىدى. جېففېرسوننىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئادەتتە سالام ـ سەھەت قىلىشىپ يۈرىدىغانلار كوچىلاردا ئۇچرىشىپ قالسىمۇ گەپلەشمەيدۇ. ھەتتا بېشىنى سىلىغان قىلىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.»

جېففېرسوننىڭ ئىدىيەسىدە بىرەر سىياسىي پارتىيە قۇرۇش غەرىزى يوق ئىدى. ئۇ: «ئەگەر ئوخشىمايدىغان بىر سىياسىي پارتىيەنى تاپالىسام، جەننەتكە كىرەلمىسەممۇ رازى ئىدىم» دەپ يازغانىدى. ۋەھالەنكى، ئۇنىڭ ئىسمى ـ شەرىپى، ئۇ كۆز تىكمۇاتقان پارتىيەگە رەھبەرلىك قىلىش بىلەن زىچ باغلانغانىدى. 1794 ـ يىلىدىن بۇيانقى پارتىيە ـ گۇرۇھلار ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش جەريانىدا، ئۇ باشتىن ـ ئاخىر پاسسىپ رول ئوينىغان بولۇپ، ئەمدى مادىسون بىلەن كارىياننىڭ قولىدىن، پارتىيەنى ئىدارە قىلىش ھوقۇقىنى ئالمىسا بولمايتتى.

دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى بىلەن ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ ۋەزىپىگە بولغان تونۇشى ۋە مۆلچەرى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى گۇمانلىنىش ۋە ئىشەنمەسلىك تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتىدۇ. جېففېرسون باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، ئادامسىنىڭ ئىچكى كابىنېتى ھامىلتوننىڭ ئادەملىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن بولۇپ، بۇ ئىچكى كابىنېت سىرتقا قارىتا تەپ تارتماستىن ئەنگلىيە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ، فىرانسىيەگە قارشى ئىدى؛ ئىچكى قىسىمدا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرگە ئۆچمەنلىك قىلاتتى. جېففېرسون ئادامسىنىڭ فىرانسىيە بىلەن قوراللىق توقۇنۇشۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، باشقا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر بىلەن

بىرلىشىپ، زۆكتۆك ئادامسىنىڭ بۇ سۈيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ نەزەرىدە، فىرانسىيە دۇنياغا تەھدىت ئىدى. مەسىلەن، فىرانسىيە ھۆكۈمىتى زېمىنىنى بويسۇندۇرۇپ، دۆلەت ئىچىدە تەقىپ قىلىنغان ياكوبىنچىلارنى دۆلەت سىرتىغا چىقىرىش ئارقىلىق چېگرادا فىرانسىيەپەرەس جۇمھۇرىيەتنى يېتىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى.

ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر بىر تەرەپتىن دۆلەت مۇداپىئەسىگە تەييارلىق قىلىپ، ئۇرۇش قىزغىنلىقىنى تەرغىب قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزلىرىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى دۈشمەنلىرىگىمۇ سەل قارىمايتتى. 1798 ـ يىلىدىكى «يۇقىرالاشتۇرتۇش قانۇنى» قاتارلىقلار ھەم سىرتنىڭ زىيانكەشلىك قىلىشىغا ھەم دۆلەت ئىچىدىكى نارازى بولغۇچىلارغا، ھەتتا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرگە قارىتىلغانىدى.

«تويىلاڭنى تىنچىتىش قانۇنى»نىڭ بىر ماددىسىدا، زۆكتۆك ياكى پارلامېنتتا «ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇنغان» ۋە ياكى ئۇلارنى «ھاقارەتلىگەن» سۆز ـ ئىبارىلەرنى ئىشلەتكەنلەرگە جەرىمانە قويۇش ياكى قاماققا ئېلىش جازاسى بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە، يولغا قويۇلغىنى دەل مۇشۇ ماددا ئىدى. ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ قارىشىچە، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تويىلاڭچىدىن ھېچقانچە پەرقى يوق. «تويىلاڭنى تىنچىتىش قانۇنى»دىكى ئەيىبلەنگەن دېلولارنى ئىجرا قىلغاندا، جاۋابكارنىڭ ھەممىسى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر بولۇپ، سوتچى ۋە زاسېداتىلنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر بولاتتى. 25 ئادەم قولغا ئېلىنىپ 10 كىشى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان

بولسا، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى گېزىتىنىڭ مۇھەررىرلىرى بولۇپ، ھەممىسىگە ئېغىر جەرىمانە قويۇلاتتى ياكى قاماللاتتى.

ئەينى ۋاقىتتىكى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ جېففېرسون بۇ جەرياننى «ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تېررورلۇق ھۆكۈمرانلىق قىلغان» مەزگىلى دەپ ئاتايدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر قول قوشتۇرۇپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرماستىن، قەيسەرلىك بىلەن باتۇرانە زەربە بېرىشكە باشلايدۇ. مادىسون تۈزگەن «ۋىرگىنىيە قارار لايىھەسى» بىلەن جېففېرسون تۈزگەن «كېنتۇككى قارار لايىھەسى»دىكى پەرمانلار ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ دەپ جاكارلىنىدۇ.

ۋىرگىنىيە ۋە كېنتۇككى قارارىدا ئاساسلانغان نەزەرىيىلەر، جېففېرسوننىڭ 1792 ـ يىلى «بانكا قانۇن لايىھەسى»دىكى پىكىرلەردىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسىي قانۇننىڭ «كېلىشىم» ياكى «ئىشتات ھوقۇقى» توغرىسىدىكى يەكۈنى ئىدى. «كېنتۇككى قارار لايىھەسى»دە، مەيلى قاچان بولسۇن، پارلامېنت ئۇنىڭ ھوقۇق چەكلىمىسىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان ھامان، يەنى «توپىلاڭنى تىنچىتىش قانۇنى» تۈزۈلگەن ئەھۋالدا، ھەرقايسى ئىشتاتلاردا «باراۋەرلىك ھوقۇقى بولىدۇ، قانۇنغا خىلاپ جايلىرى بولسا تولۇقلاش شەكلى ۋە ئۇسۇلىنى ئۆزى ھۆكۈم قىلىدۇ» دېيىلگەنىدى. ئۇنىڭدا «قېرىنداش ئىشتاتلارنى»، «بۇ قانۇن لايىھەسىنى ئىناۋەتسىز دەپ ئېلان قىلىشقا» ھەمدە بىرلىشىپ «ئۇلارنى يوقىتىش»قا چاقىرغانىدى. «ۋىرگىنىيە قارارى»دا، ھەرقايسى ئىشتاتلارنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پۇقرالار بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدا «مۇداخىلە قىلىش»قا بېشارەت بەرگەن.

دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بارغانسېرى زورىيىۋاتقان بېسىمىغا ئۇچرىغانلىقتىن، ئادامس زۇڭتۇڭ ھامىلتون ۋە «يۇقىرى قاتلام» ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە ياۋۇز نىيىتىدىن بارغانسېرى خاتىرجەمسىزلىنىدۇ. 1779 ـ يىلى ئەتىيازغىچە ھامىلتون ئادامس ھۆكۈمىتىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئەمەلىي ھوقۇق يۈرگۈزۈۋاتقان شەخس ئىدى. چۈنكى، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە زۇڭتۇڭ ئىچكى كابىنېتىنىڭ ئۈچ ھەسسە خادىمى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. ئەمەلىيەتتە، ھامىلتون بىر «ئۇلۇغۋار پىلان» تۈزگەن بولۇپ، ئۇ يېڭى قۇرۇلغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇق ئارمىيەسىنى باشلاپ قۇرۇقلۇق يولى ئارقىلىق يېڭى ئورلېئانغا ھۇجۇم قىلىدىغان، ئەنگلىيەلىكلەر مىسسىسىپىي دەرياسىنى قامال قىلىش ئارقىلىق ماسلىشىدىغان، لۇيزانا ۋە شەرقىي شىمالىي فىلورىدانى مۇھاسىرىگە ئالغاندىن كېيىن، ھامىلتون مېكسىكىغا يۈرۈش قىلىدىغان بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەنۇبىي ئامېرىكىدىكى ۋەتەنپەرۋەر مىراندا ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا، جەنۇبىي ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شىمالىنى ئازاد قىلىپ، ھامىلتون تەختكە چىقىپ، غەلىبە قىلغان قوشۇنلىرىنى خۇددى بوناپارت فىرانسىيەنىڭ «بىرىنچى پۇقراسى» بولغىنىغا ئوخشاش ئامېرىكىنىڭ «بىرىنچى پۇقراسى» قىلماقچى ئىدى. شۇنداق قىلغاندا جېففېرسوننىڭ پارتىيەسى ئۆز ئىلىكىدىكى ھەممە نېمىسى بىلەن ئابرۇيىدىن چۈشۈپ كېتەتتى.

ئەمما، ھامىلتون بىر چوڭ سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق پىلانى ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بىر نۇقتىغا سەل قارىغان ياكى ئۇنى ئەستىن چىقارغانىدى: چۈنكى زۇڭتۇڭ ھامىلتون ئەمەس، بەلكى جون ئادامس ئىدى. جون ئادامس ئامېرىكىدا بىرىنچى تۈركۈمدىكى سىياسىيون ۋە پەيلاسوپ ئىدى.

1799 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇ تۇيۇقسىز چۈشىدىن ئويغىنىپ، بىر خىل شۇملۇقنى ئەينى رەۋىشتە سېزىپ قالىدۇ ـ دە، دۆلەتتىن ئىبارەت بۇ چوڭ كېمىنىڭ نامەلۇم ۋە خەتەرلىك سۇ لىنىيەسىگە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھېچكىمگە ئۆز خىيالىنى ئاشكارىلىماستىن، فىرانسىيەگە تولۇق ھوقۇقلۇق بىر ئەلچىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ شۈبھىسىزكى، كېڭەش پالاتاسىغا تاشلانغان بىر دانە بومبا ئىدى. بۇ ئۇرۇش پىلانىنى پۈتۈنلەي توختاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھامىلتون ۋە يۇقىرى قاتلامدىكى ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر قاتتىق غەزەپلەنسىمۇ، بىراق بۇنىڭغا قارشى چىقىشقا پېتىنالمايدۇ ھەمدە ئەيىبلىنىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، زۇڭتۇڭ كۆزلىگەن تىنچلىقنىڭ مۇمكىنچىلىكى بولغاندا، ئۇرۇشقا ئۇرۇنمىز دېيىشىدۇ.

ئادامس ياراشتۇرۇش پوزىتسىيەسىنى تۇتۇپ، تەيىنلەنگەن بىر مەخسۇس ئەلچىنى ئۈچ كىشىلىك ئەلچىلەر ئۆمىكىگە ئۆزگەرتىدۇ. 1801 ـ يىلى ئەتىيازدا ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ۋەكىللىرى يارمىندا سۆھبەتلىشىشكە باشلايدۇ. 1801 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ لوندوندا شەرتنامە ئىمزالاپ ئۇرۇش توختىتىدۇ. 1802 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ «يارمىن شەرتنامىسى»نى ئىمزالايدۇ.

ئامېرىكا بىلەن سودا كېلىشىمى ئىمزالانغان 2 ـ كۈنى يەنى 1800 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، فىرانسىيە مەخپىي ھالدا ئىسپانىيەدىن لۇيزانانى قايتۇرۇۋالىدۇ. 1763 ـ يىلى فىرانسىيە، ئەنگلىيە ـ فىرانسىيە ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولۇپ، لۇيزانانى ئىسپانىيە بىلەن ئۆتۈنۈشكەندى، شەرتنامىدە، ئىسپانىيە لۇيزانانى يەنە باشقا دۆلەتكە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولمايدۇ، دەپ بەلگىلەنگەندى. شۇڭا، 1800 ـ يىلى ئۆتۈنۈپ

بىرىش مەخپىي ئېلىپ بېرىلىپ، تاكى 1802 ـ يىلىغا كەلگەندە ئېلان قىلىندۇ.

ئىتتىپاق پارتىيەسى ئىچىدە ئادامس بىلەن ھامىلتون سەۋەبىدىن بۆلۈنۈش كېلىپ چىقىش، جېففېرسون رەھبەرلىكىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنى پۇرسەت بىلەن تەمىن ئەتكەندى، كېيىنكى ئەمەلىيەت جېففېرسوننىڭ ئويلىغانىنى قىلالايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

# 7. ئامېرىكا ھوقۇقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە چىقىش

## زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتى

1800 ــ 1801 ـ يىللىق سايلامدىكى زۇڭتۇڭ نامزاتىنى پارلامېنتتىكى پارتىيە ـ گۇرۇھلار يىغىنى سايلاپ بېكىتەتتى. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر 1796 ـ يىلىدىكىگە ئوخشاشلا، داۋاملىق جېففېرسوننى قوللاشنى قارار قىلغانىدى. جېففېرسوننىڭ ئىتتىپاق پارتىيەسى تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ھۆكۈمەتتە ھېچقانداق ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغانلىقىغا قارىتا زەردىسى قايناپ يۈرەتتى. ئەمدى ئۇ، 1796 ـ يىلىدىكىدەك نامزات بولۇشنى خالىماي پاسسىپلىق قىلىشتىن، بەلكى پۈتۈن كۈچى بىلەن بىر مەيدان ئېلىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

جېففېرسون بىلەن ئادامس ئوتتۇرىسىدىكى تۈنجى قېتىملىق كۈچ سىنىشىش نيۇيورك شەھىرىدە بولغانىدى، بىراق ھەقىقىي ئوتتۇرىغا چىققىنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى سايلام رىقابىتى ھەرىكىتىنى تەشكىللىگەن ئەيلىن پول بىلەن ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ كاتىپى ئالېكساندىر ھامىلتون بولۇپ، ئۇلارنىڭ نىشانى ئىشتات پارلامېنتىنى كونترول قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. چۈنكى، ئىشتات پارلامېنتى زۇڭتۇڭغا بىلەت

تاشلىغۇچىلارنى كۆرسىتەتتى. جېففېرسون دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ مۇشۇ جەھەتتە غەلىبە قىلىشى ئىنتايىن مۇھىم، دەپ قارايتتى. ئادامس 1769 ـ يىلىمۇ مۇشۇ ئىشتاتتا غەلىبىگە ئېرىشكەنىدى.

نيۇيورك شەھىرىدىكى رىقابەت ناھايىتى كەسكىن ئىدى. پول ماھىرلىق بىلەن دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ بىر پارچە نامزات ئىسىملىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكى بىر قىسىم داڭلىق كىشىلەرنى ئىشتاتنىڭ ئاۋام پالاتاسىنىڭ نامزاتىغا كىرگۈزىدۇ. دېگەندەك بۇ ئىستراتېگىيە بىلەن كۈتمىگەن يەردىن غەلىبە قىلىدۇ.

4 ـ ئاينىڭ ئاخىرى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى نيۇيوركتا ئۆتكۈزگەن سايلامدا دەسلەپكى جەڭ خۇش خەۋىرى تارقىلىدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر شادلىنىپ چۆمۈلۈپ، بۇ مۇۋەپپەقىيەت ئالدى بىلەن پولغا مەنسۇپ، دەپ قارايدۇ. نيۇيوركتىكى نەتىجە فىلادېلفىيەگە يېتىپ كېلىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، پارلامېنتتىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى مەخپىي يىغىن ئېچىپ، پولنى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتىغا كۆرسىتىدۇ ھەمدە بىردەك ماقۇللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ زۇڭتۇڭ سايلىمىدا قوش نامزات كۆرسىتىشنىڭ ئۈلگىسى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى تاكى 1824 ـ يىلىغىچە مۇشۇ ئۇسۇلنى قوللىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى زۇڭتۇڭ سايلىمى رىقابىتى جىددىي كەيپىياتقا چۆمگەن بولۇپ تاكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ئىشتات كۆرسەتكەن زۇڭتۇڭ سايلىغۇچىلارنىڭ نەتىجىسى كەلگەندىلا، ئاندىن سايلام نەتىجىسىنى بېكىتىشكە بولاتتى. 4 ـ ئايدىن 12 ـ ئاينىڭ

بېشىغىچە، پۈتۈن مەملىكەت بىر ئىشتاتتىن يەنە بىر ئىشتاتقىچە بولغان سايلام نەتىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشىغا كۆز تىكىۋاتاتتى. جېففېرسونمۇ ئۆزى ئېرىشكەن بېلەتنى كۈتمەكتە ئىدى. بىرقانچە ئاي ئىچىدە، جېففېرسون سۆز - ھەرىكەتلىرىنىڭ، ھەتتا يازغان خەتلىرىنىڭمۇ گېزىتكە چىقىپ كېتىپ ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ ئۆزىگە زەربە بېرىدىغان قورالغا ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئالاھىدە ئېھتىيات قىلىدۇ.

سايلام نەتىجىسىدە، جېففېرسون بىلەن پول ئوخشاشلا 73 تىن بېلەتكە ئېرىشكەن بولۇپ، ئادامس 65 بېلەتكە، پىكىن 64 بېلەتكە ئېرىشكەنىدى.

1801 - يىلى ئىشتاتنى بىرلىك قىلىپ ئاۋاز بېرىدىغان ئاۋام پالاتاسى جېففېرسون بىلەن پولنى تاللاشتا يېرىمدىن كۆپ بېلەتكە ئېرىشكەندىلا سايلىنالايتتى.

جېففېرسون ئېچىنغان ھالدا: «دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشتا يىراقنى كۆرەرلىك كەمچىل بولغانلىقتىن، تەقدىرىمىز يەنىلا دۈشمەنلىنىڭ ئالقىنىغا چۈشۈپ قالدى» دەيدۇ. بۇ، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ پولدىكى بېلەتتىن بىرنى ئېلىپ قېلىپ، ئادامسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىغا ئوخشاش جېيغا بېرىشنى بەلگىلىمىگەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇنداق قىلغاندا، ئىككى بېلەتنىڭ سانى ئوخشاش بولۇپ قالمايتتى.

1801 - يىلى 2 - ئاينىڭ 17 - كۈنى 36 قېتىم بېلەت تاشلاش ئارقىلىق، ئاخىر نەتىجە چىقىدۇ: ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكى بىرقانچە پارلامېنت ئەزاسى قۇرۇق بېلەت تاشلىشى بىلەن، پول تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ئالتە ئىشتاتتىكى بېلەت تۆتكە چۈشۈپ، جېففېرسون ئىككى ئىشتاتنىڭ ئارتۇق بېلىتى بىلەن زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىدۇ.

1801 - يىلى 3 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چۈشتە، زۇڭتۇڭلۇققا

سايلانغان جېففېرسون ئالېكساندىرىيە خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ئوفىتسېرى كولومبىيە رايونلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ ئىجرائىيە ئەمەلدارى ۋە پارلامېنت ئەزالىرى ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ھىمايىسىدە، تۇرار جايدىن يېقىن ئەتراپتىكى پارلامېنت بىناسىغا پىيادە يېتىپ كېلىدۇ.

جېففېرسون پوتمارك ۋادىسىدا قۇرۇلغان يېڭى پايتەختتە قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان تۇنجى زۇڭتۇڭ بولۇپ، بۇ يېڭى زۇڭتۇڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمەتنىڭ شارائىتتى جەھەتتە تەلەپلىك ئىدى. ئۇنىڭ پارتىيەسى پارلامېنتنىڭ ئىككى پالاتاسىدا كۆپ سانلىقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئالالىغۇدەك بىرەر قارشى گۇرۇھ رەھبىرى يوق ئىدى. «يارمىن شەرتنامىسى» (1802 ـ يىلى) ياۋروپادىكى ئۇرۇشنى دەم ئېلىۋېلىش پۇرسىتىگە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىش ئىمكانىيىتى بىلەن تەمىنلىگەنىدى.

## دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ، ئىتتىپاقنى ئەمىن تاپقۇزۇش

1800 ــ 1801 ـ يىلىدىكى سايلام، ئادەم ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى سىياسەتنىڭ ئۆزگىرىشىدىن كۆپ بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇپ، ئىتتىپاق ھاكىمىيىتى ھادىلىن دەرياسىدىن پورتمارك دەرياسى ۋادىسىغا كۆچۈشى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ئاجىزلىششى ھەرقايسى ئىشتاتلارغا پايدىلىق ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى چارەك ئەسىردە، بىر ۋىرگىنىيەلىك ئاق سارايغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى: توماس جېففېرسون، جامېس مادىسون ۋە جامېس مىنرولار ھەربىرى

سەككىز يىلدىن ۋەزىپە ئۆتىگەن بولسىمۇ، ھەممىسى دۆلەت ئىشلىرى كاتىپلىقىدىن ئۆسكەنىدى. شۇڭا، ئامېرىكا دۆلىتى قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى بەش نەپەر زۇڭتۇڭ ئىچىدە، جون ئامستىن باشقا تۆتى ۋىرگىنىيەدىن بولۇپ، بۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى «ۋىرگىنىيە خاندانلىقى» ئىدى. مەشھۇر ئادەملەر ماكانى بولغان ۋىرگىنىيە ئىشتاتىنىڭمۇ «زۇڭتۇڭ ئىشتاتى» دېگەن چىرايلىق نامى بار.

جېففېرسون «ئۇششاق ھۆكۈمەت»نى تەشەببۇس قىلىپ، ھۆكۈمەتنى تېجەشلىك، ئاددىي - ساددا بولۇش كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ يەنە بارلىق دۆلەتلەر بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى قانات يايدۇرۇشنى، ئەمما سىياسىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرماسلىقنى؛ تىنچلىق مەزگىلدە ھەربىي قوشۇن كۆپەيتمەي، پەقەت بىر قىسىم دېڭىز ئارمىيە كۈچلىرىنىلا ساقلاپ قېلىش ئارقىلىق دېڭىز قىرغىقى ۋە پورتنى قوغداشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

جېففېرسون ئېيتقان «سان ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق قۇرۇقلۇق ئارمىيە 3500 كىشىدىن 2500 گە قىسقارتىلىدۇ. پارلامېنت 1802 - يىلى نىيۇيورك ئىشتاتىدىكى ئولىنچى ناھىيەسىنىڭ غەربىدە تەسىس قىلىنغان ھەربىي ئىنستىتۇتنى كېيىن ئامېرىكىنىڭ «غەربىي رايون ھەربىي مەكتىپى»گە ئۆزگەرتىدۇ.

جېففېرسون بىر سىياسىي داھىي بولۇپلا قالماستىن، يەنە خىزمەتكە ماھىر مەمۇرىي ئەمەلدار ئىدى. ئۇ زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنى تەلتۆكۈس تۇتۇپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك ھەرىكىتىگە مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۇرگەنىدى. ئۇ كۆڭلۈك خىزمەت ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى تەكىتلىگەندە، مەمۇرىي تارماقلارنىڭ خىزمەت تەرەققىياتىغا دىققەت قىلاتتى. ئۇ ئىشلارنى رەتلىك قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە قول

ئاستىدىكىلەرگىمۇ ئوخشاش تەلەپ قوياتتى. جېففېرسون ئىچكى كابىنېتنى، ئۆزى زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن مەزگىلدىكى سىياسەت تۈزىدىغان ئاساسلىق ئاپپارات قىلىپ چىققانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ باشقۇرۇش تۈزۈمىنى تەسۋىرلىگەندە «ھەر كۈندىكى كۈندىلىك ئىشلارنىڭ زۇڭتۇڭ بىلەن ئالاقىدار تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى كېڭەشكەندىن كېيىن بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئەگەر مۇھىم ياكى نازۇك ئىشلارغا يولۇققاندا، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ باشلىقلىرى بىردەك كېڭىشىدۇ ياكى ئۇلارنى تېپىپ ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىش ياكى يازما پىكىر ئېلىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ» دەپ چۈشەندۈرگەنىدى. ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل، مەسلىھەتچىلەرنى تېپىپ، بىر قېتىملىق ئىچكى كابىنېت يىغىنى ئېچىش ئىدى، بۇ يىغىن قەرەلسىز بولۇپ، ئەھۋالغا قاراپ بېكىتىلەتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى ھۆكۈمەت كىچىك بولۇپ، مىنىستىرلارنىڭ ئىشخانىلىرى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە يېقىن ئىدى. شۇڭا، زۇڭتۇڭ زۆرۈر دەپ قارىغان ھامان دەرھال ئىچكى كابىنېت يىغىنى ئاچاتتى.

جېففېرسون زۇڭتۇڭنىڭ ئارتۇقچە مۇراسىملىرى ھاجەتسىز دەپ قاراپ، ۋاشىنگتون بەرپا قىلغان ۋە ئادامس ساقلاپ قالغان رەسىم ـ قائىدىلەرنىڭ كۆپىنى ئەمەلدىن قالدۇرغانىدى. ئۇ، ۋاشىنگتون، ئادامس رىياسەتچىلىك قىلغان زۇڭتۇڭنىڭ رەسمىي كۆتۈۋېلىش مۇراسىمىنى توختىتىپ، دىپلوماتىيەگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى بىكار قىلىدۇ. شۇڭا، چەت ئەللەردىكى دىپلوماتىيە ئەمەلدارلىرىغا يازغان خاتىرىسىدە: «كۆپچىلىك بىر يەرگە يىغىلغاندا، ھەممە ئادەم باباراۋەر بولۇشى، مەيلى چەت ئەللىك ياكى ئامېرىكىلىق بولسۇن ۋە ياكى ئەمىلى بارلار ياكى ئەمىلى يوقلار بولسۇن، ۋەزىپىسىنى نەزەرگە ئېلىش ھاجەتسىز» دېيىلگەنىدى.

جېففېرسون يەنە ئاز بولمىغان چاكىنا قائىدە ـ يوسۇنلارنى ىكار قىلىدۇ. مەسىلەن، ئامېرىكىنىڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسى 1790 ـ يىلى 2 ـ ئايدا نيۇيوركتا تۇنجى قېتىم سوت ئاچقاندىن بۇيان، سوتچىلارنىڭ ھەممىسى تۇم قارا ۋە توق قىزىل رەڭلىك پەلتو كىيىشى كېرەك ئىدى. جېففېرسون قىلچىمۇ ئەھمىيىتى بولمىغان بۇ «قائىدە»نى كۆرۈپ، «ئەنگلىيە سوتچىلىرى سەگەكلىكنى بىلدۈرىدۇ دەپ قارايدىغان بۇنداق چاكىنىلىقنى تاشلاش» تەكلىپىنى بېرىدۇ.

جېففېرسون ئاقسارايدا پەيدا بولۇپ، دېموكراتىك كەيپىياتنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ، بىر ئاددىي پۇقرا ئەڭ يۇقىرى ئەمەلدارغا ئوخشاشلا، ھۆرمەتلىنىشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇ، قول ئاستىدىكىلەرنى خەلقنىڭ چاكىرى بولۇشقا تەۋسىيە قىلاتتى.

بۇنىڭدىن باشقا، جېففېرسوننى كىشىلەر ئامېرىكا دېموكراتلار پارتىيەسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، دەپ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان، ئامېرىكىدىكى تەشكىللىك مەملىكەت خاراكتېرلىك سىياسىي پارتىيە، ئەڭ دەسلەپكى بىرقانچە نۆۋەتلىك ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىنىڭ پائالىيىتى مەزگىلىدە بارلىققا كېلىپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۇلار ھامىلتون باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاق پارتىيەسى بىلەن جېففېرسون ۋە مادىسون باشچىلىقىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ئىدى.

باشتا، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر ئىتتىپاق ھۆكۈمىتىدە تىزگىنلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. ھەرقانداق پارتىيە ـ گۇرۇھنىڭ پائالىيىتىگە قارشى تۇرۇشنى جاكارلىغان ۋاشىنگتون، ئەمەلىيەتتە ئىتتىپاق پارتىيەسىنى ھىمايە قىلاتتى ۋە قوللايتتى. 2 ـ نۆۋەتلىك زوڭتۇڭ جون ئادامس يەنىلا ئىتتىپاق پارتىيەسىدىن بولۇپ، ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ قولىدىكى

ھۆكۈمەت ئەنگلىيەنىڭ دىپلوماتىيە سىياسىتىگە ئەمەل قىلىپ، ئىقتىسادىي مەسىلىدە قوشما ئىشتات بانكىسىنى قۇرىدۇ، ئىتتىپاق ھۆكۈمىتى دۆلەت قەرز چېكىنى قايتۇرۇش، يۇقىرى سوممىلىق ئىمپورت بېجى ئېلىش قاتارلىق چوڭ بۇرژۇئازىيەگە پايدىلىق بولغان، كاپىتالىزمنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردىغان سىياسەتلەرنى يولغا قويىدۇ. بۇ سىياسەتلەر دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغانىدى.

1801 ـ يىلى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ داھىيسى جېففېرسون زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغاندىن كېيىن، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى خېلى كۈچلۈك سىياسىي تەسىرىنى ساقلاپ، ئۇدا 24 يىل زۇڭتۇڭلۇق ئورنىنى ئىگىلىگەنىدى.

دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى ھۆكۈمىتى مەزگىلىدە، ئامېرىكىدا 1812 ـ يىلىدىن 1814 ـ يىلىغىچە 2 ـ قېتىملىق ئەنگلىيەگە قارشى ئۇرۇش بولىدۇ. بۇ قېتىمقى ئۇرۇش غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەر ئەنگلىيە سىياسىتىگە بېقىنغانلىقتىن مەغلۇپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا تارىخىدا دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى مۇستەقىل ھۆكۈم سۈرىدىغان سىياسىي ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇ 1816 — 1824 ـ يىللىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان «ئىناق دەۋر»دۇر. بۇ مەزگىلدە، جېففېرسوننىڭ كۆرسەتكەن تۆھپىسى ھەقىقەتەن زور بولغانىدى.

## تىنچ ئوكيانغا يۈزلىنىش

جېففېرسوننىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتىگەن مەزگىلدە كۆرسەتكەن ئەڭ شانلىق تۆھپىسى، لۇيزانانى سېتىۋالغانلىقى

ئىدى.

ئەينى ۋاقىتتىكى لۇيزانا بىر قاقاسلىق بولۇپ، نەچچە مىڭ ئىندىيان بىلەن ئاز ساندىكى كۆچلۈك ئاق تەنلىكلەر شالاڭ ئولتۇراقلاشقان، مەنزىرىسى گۈزەل، بايلىقى مول جاي ئىدى. 1763 ـ يىلىدىكى تىنچلىق شەرتنامىسىدىن بۇيان، لۇيزانا ئىسپانىيەنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، بىر پىرسەنتكىمۇ توشمايدىغان زېمىندا كۆچمەنلەر ئولتۇراقلاشقانىدى. كىرېئوللار ئۆزلىرىنىڭ قۇللىرى بىلەن 1800 ـ يىلى 40 مىڭچە بولۇپ، مىسسىسىپپى دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىدىكى ئىككى قىرغاقتا مەركەزلەشكەنىدى. دەريانىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى يېڭى ئورلېئان بىلەن سېنى لۇيىس ئۇتتۇرىسىدىكى بىرقانچە گارنىزون قەلئەسى ۋە سودا نۇقتىسى بولۇپ، رېد دەرياسىنىڭ بويىدىكى بىرقانچە جايدىن باشقىلىرىغا ئىندىيانلار ئورۇنلاشقانىدى. شېكەر قومۇشى بىلەن پاختا غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرىدىن كىرگۈزۈلەتتى.

1800 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بۇ بىپايان زېمىن ئىگىلىرى بىلەن تۈزۈلگەن بىر مەخپىي كېلىشىمگە ئاساسەن، ناپولېئون ئىسپانىيەنىڭ قولىدىن لۇيزانا ۋە ئۇنىڭ قوشنىسى فىلورىدانى تارتىۋالدۇ. بۇ سىياسەتنىڭ مەقسىتى، فىرانسىيەنىڭ يېڭى مۇستەملىكىسى شىمالىي ئامېرىكا ئىمپېرىيەسى ئارقىلىق كانادانىڭ ئورنىنى ئىگىلەش ھەمدە قوشما ئىشتاتنىڭ كېڭىشىنى توسۇش ئىدى.

جېففېرسون ۋە ئۇنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى جامېس مادىسون قارشى تەدبىر ئۈستىدە كېڭەشتى. ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرى، ناۋادا فىرانسىيە لۇيزاناغا ئىگە بولۇۋالغان بولسا فىرانسىيەدىن سېتىۋېلىش، ئەگەر فىرانسىيە ئۇنى ئالمىغان بولسا ئىسپانىيەدىن سېتىۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

جاپالىق سۆھبەت ئارقىلىق، فىرانسىيە لۇيزانانى سېتىپ بېرىشكە قوشۇلىدۇ. 1803 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئىككى تەرەپ كېلىشىم ئىمزالاپ، ئامېرىكا 60 مىليون فىرانك بىلەن لۇيزاناغا ئېرىشىدۇ ھەمدە فىرانسىيەنىڭ زىيىنى ئۈچۈن 20 مىليون فىرانك تۆلەپ، ئاخىرىدا جەمئىي 15 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق پۈتۈشىدۇ. شەرتنامىگە 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئىمزا قويۇلىدۇ. ئامېرىكىغا ئۆتۈنۈپ بېرىلىدىغان زېمىن، ئىسپانىيە فىرانسىيەگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن چاغدىكى چېگرا بويىچە بولۇپ، فىلورىدا بۇنىڭ ئىچىدە يوق ئىدى.

شەرتنامىگە ئىمزا قويغانلىق خەۋىرى 1803 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى، ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، «مەملىكەتلىك ئالاقىلەشكۈچىلەر گېزىتى»دە تۇنجى بولۇپ 2 ـ كۈنى ئېلان قىلىنىدۇ. بۇ گېزىت كېيىن يەنە 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى «زۇڭتۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان كۈن بولدى»، ئۇ «پۈتكۈل خەلقنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشىپ، بۇ ۋەقە ئەڭ شانلىق نەتىجە قاتارىدا تارىختىن ئورۇن ئالدى» دەپ خەۋەر بېرىدۇ. لىۋىنستون شەرتنامە ئىمزالانغاندىن كېيىن، دەرھال زۇڭتۇڭ جېففېرسونغا ئۇقتۇرۇش قىلىپ، ئۇنى پارلامېنتنىڭ بۇ كېلىشىمنى دەرھال تەستىقلىشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ناپولېئوننىڭ يېنىۋېلىشىدىن ساقلىنىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

زۇڭتۇڭ يىللىق دوكلات خېتىدە، پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، بۇ شەرتنامىنى ئىجرا قىلىشقا تەييارلىنىشىنى ھەمدە بارلىق زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، دەرھال لۇيزانادا ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت تەشكىل قىلىپ، ئۇنى ئىتتىپاققا كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. كېڭەش پالاتاسى شەرتنامىنى تەستىقلىغاندىن كېيىن، 1803 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، فىرانسىيە ئەلچىلىرى بىلەن ھۆججەت

ئالماشتۇرىدۇ. ئەتىسى زۇڭتۇڭ پارلامېنتتىن زۆرۈر بولغان ھوقۇق بېرىش توغرىسىدا قانۇن تۇرغۇزۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. 1803 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، يېڭى ئورلېئاندا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، فىرانسىيە لۇيزانانى ئامېرىكىغا رەسمىي ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

لۇيزانانى سېتىۋېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، زۇڭتۇڭ جېففېرسون ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنى غەربىي قىسىمدا ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئامېرىكىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئېچىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئېكسپېدىتسىيە خىزمىتى 1804 ـ يىلى 5 ـ ئايدا باشلىنىپ، 1807 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئاخىرلىشىدۇ. ئېكسپېدىتسىيە مۇساپىسى توققۇز مىڭ مىلغا يېتىدۇ. لۇيس ئېكسپېدىتسىيەنىڭ جەريانى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر ھەققىدە دوكلات يېزىپ، نەچچە يىلدىن كېيىن نەشر قىلدۇرغان بولۇپ، ئۇ ئامېرىكا ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك ئەسەر بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، جېففېرسون يەنە زېبىرون پېكنى مىسسىسسىپى دەرياسىنىڭ دەريا مەنبەسىنى تەكشۈرۈشكە ئەۋەتىپ، كېيىن يەنە غەربىي جەنۇبىي رايونلاردا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. غەربىي جەنۇبىي رايونلاردا، پېك تاغ ـ دەريالارنىڭ خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىدۇ.

يىللار قويىنىدىكى تۆھپە ـ گۇناھنى كېيىنكىلەر باھالايدۇ. XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرى، ئامېرىكىنىڭ 33 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى ھاللى دولمۇننىڭ قىزى، دولمون ھايات ۋاقتىدا ئېيتىپ بەرگەن نەرسىلەرگە ئاساسەن «قەلب سۆزلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دولمونىنىڭ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ ناچار سەككىز زۇڭتۇڭ توغرىسىدىكى قارىشى ئۈستىدە توختالغان بولۇپ، جېففېرسون «ئەڭ ئۇلۇغ سەككىز زۇڭتۇڭنىڭ» ئىككىنچىسى، ۋاشىنگتون ئۈچىنچى قاتارغا

تىزىلغان، ئۇنىڭدا: «قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇن قارشى پىكىرلەر بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا لۇيزانانى سېتىۋېلىشنى قارار قىلدى» دەپ يېزىلغان. ئۇ چاغدا لۇيزا زادى قانچىلىك ئىدى؟ ئۇ ھازىرقى ئاركانساس، مىسسۇرى، ئىئوۋا، ئوكلاخما، كانزاس، نېبراسكا، جەنۇبىي داكونا، كولوردا، مونتانا، ۋايومىنىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

لۇيزانانىڭ سېتىۋېلىنىشى ئامېرىكىنىڭ غەربكە كېڭىيىشتىكى «ئابىدە»سى دەپ قارىلىدۇ. ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس دانىنا «ئامېرىكا تارىخىدىكى چېگرا رايون مەسىلىسى» دېگەن كىتابىدا، جېففېرسوننىڭ بۇ «ئۇلۇغ تۆھپىسى»گە يۇكسەك باھا بېرىپ: لۇيزانانىڭ سېتىۋېلىنىشى، مىسسىسىپى دەريا ۋادىسىنى سىياسىي جەھەتتە پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭقۇر، ئۇ ئامېرىكىنىڭ چەت ئەل بىلەن بولغان چېگىش ئىتتىپاق يۈگىنىدىن قۇتۇلۇپ، دۇنيادىكى قۇدرەتلىك دۆلەت بولۇش ئۈچۈن مۇستەقىللىق ئىشلىرىدا قوللانغان مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ» دەيدۇ. بۇنى، ئامېرىكىلىق تارىخشۇناس خاس كويىن ئوبرازلىق ھالدا: «ئامېرىكا قەددىنى بۇراپ دۇمبىسىنى ئاتلانتىك ئوكيانغا توغرىلىدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆزى تىنچ ئوكيانغا تىكىلدى» دەپ يەكۈنلىگەنىدى.

## ئاسىيلارنى جازالاش

جېففېرسون ئەسلىدە بۇ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭلۇق مۇددىتى توشقاندىن كېيىن، ماندىسلودىكى قورۇقىغا قايتىپ خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغانىدى. لېكىن، ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمى جېففېرسوننى ئەسلىدىكى

قارارىنى قايتىدىن «ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ تىزگىنىسىز تۆھمىتى، دۆلەتنى ئۆتتۈنۈپ بەرمەسلىك قارارىنى چىقىرىشقا سەۋەب بولدى» دەپ ئويلاشقا مەجبۇر قىلىدۇ. شۇڭا، جېففېرسون ئىتتىپاق پارتىيەسىدىكىلەرنىڭ ھۇجۇمىنى، ئۆزىنىڭ 1804 - يىلىمۇ داۋاملىق ۋەزىپە ئۆتەشكە ئىنتىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىكەنلىكىنى ئېيتقانىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ دېموكراتىك ئىتتىپاق پارتىيەسىنىڭ قوللىغۇچىلىرىنىڭمۇ ئۇنى رىقابەتكە قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇشى، ئۇلارنىڭ، ئۇنىڭ ھېچكىم بېسىپ چۈشەلمەيدىغان نامزاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىكى ئىدى.

پارلامېنتتىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ 108 نەپەر پارلامېنت ئەزاسى، 1804 - يىلى 2 - ئاينىڭ 25 - كۈندىكى بىر قېتىملىق مەخپىي نامزات كۆرسىتىش يىغىنىدا، جېففېرسوننىڭ داۋاملىق زۇڭتۇڭ بولۇش رىقابىتىگە قاتنىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ھازىرقى مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ پول قىلمىشى دۇرۇس بولمىغانلىقتىن، كۆپچىلىكنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇلار پولنى پارتىيەدىكى نامزاتلار ئىسمىلىكىدىن چىقىرىۋېتىشكە قوشۇلغانىدى. يىغىندا، ئالتە نەپەر مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ نامزاتىغا بېلەت تاشلىغاندا، نيۇيوركتىكى جورجى كېلىنتون كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەنىدى.

1804 - يىللىق زۇڭتۇڭ سايلىمى، جېففېرسوننىڭ ھاياتىدا سىياسىي جەھەتتىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكى پەيتتە ئۆتكۈزۈلگەنىدى. بۇ چاغدا، دۆلەت گۈللىنىپ، خەلق ئەمىن تېپىپ، جېففېرسوننىڭ ئىناۋىتى يۇقىرى پەللىگە يەتكەنىدى.

دېگەندەك، جېففېرسون تولۇق غەلىبىگە ئېرىشكەن بولۇپ، 17 ئىشتات ئىچىدە ئۇ 15 ئىشتاتنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرگەنىدى ھەمدە قايتا سايلاش ئۆمىكىدىكى 176 بېلەت

ئىچىدە 162 بېلەتكە ئېرىشكەنىدى.

جېففېرسوننىڭ 2 - نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى خۇشال كەيپىيات ئىچىدە باشلىنىدۇ. بىراق، ئۇزۇن ئۆتمەي ئاۋارىچىلىككە ئۇچراپ، ئاخىرىدا ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

جېففېرسوننىڭ تەلىيىنىڭ قانداقلىقى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بىر يىلى، پولىنىڭ سۈيىقەست لايىھەسى بۇ ئويۇننى ئاخىرلاشتۇرغانىدى. پول بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ سىياسىي جەھەتتە يەنە تەرەققىي قىلالمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، دۆلەت پارچىلىنىپ كەتسىمۇ چىقىراق پۇل يىغىۋېلىشنى ئويلىغانىدى.

1806 - يىلى بۇ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، كېنتۇككىنىڭ لىكشىنگو دېگەن يېرىدە باش ئىشتات قۇرىدۇ ھەمدە پائال تۈردە خادىملارنى توپلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن سەپىرىنى باشلايدۇ. كۆرۈنۈشتە، ئۇ ئۆزى زېمىننى باشقۇرۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئۇنىڭ «ئىچكى ئەھۋالنى بىلىدىغانلارنىڭ» ئېيتىشىغا ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭ تېكساسقا كىرىپ، مېكسىكىنى «ئازاد» قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. تارىخىي ماتېرىياللار تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پول مېكسىكىنى تەمە قىلاتتى، ئەمما ئۇ ئالدى بىلەن لۇيىزانا زېمىنىنىڭ بۆلۈنۈشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ، مەزكۇر رايوندا زۇڭتۇڭلۇقنى ئۇستىگە ئالغاندا، ئاندىن جەنۇبقا ئەسكەر چىقىرالايتتى.

1805 - يىلى 12 - ئايدا، جېففېرسون پولدىن ھوشيار بولۇش توغرىسىدا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالغانىدى. ئۇ فىلادېلفىيەدىن كەلگەن بىر پارچە ئىمزاسىز خەت تاپشۇرۇۋالغان بولۇپ، ئۇنى پولىنىڭ سۈيىقەستىدىن ھوشيار بولۇشقا ئاگاھلاندۇرىدۇ. بۇ خەتتە، پولىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ھەرقايسى ئىشتاتلاردا

«غەلىتە ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقى، پولنىڭ ئەنگلىيە ئەلچىسى ئاندون مېر بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ قويۇقلۇقى، ئۇنىڭ «ئەنگلىيەدىن نەپىقە ئېلىۋاتقانلىقى» ئېيتىلغانىدى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن، بۇ خەتنى يازغان كىشى جېففېرسونغا يەنە بىر قېتىم خەت يېزىپ، ئۆزىنىڭ جېففېرسوننىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى پولنىڭ ھۆكۈمەتنى ئاغدۇرۇش سۇيىقەستىدىن يەنىمۇ ھوشيار بولۇشنى ئېيتىدۇ.

جېففېرسون يەنە باشقا مەنبەلەردىنمۇ پولنىڭ ھەرىكىتىگە دائىر ئاخباراتقا ئېرىشكەنىدى. جورجى مورگىن پولكوۋنىك پېنسىلۋانىيەنىڭ غەربىدىن زۇڭتۇڭغا خەت يېزىپ، پولنىڭ ئوغۇللىرىنى يىغىپ ھەربىي جازا يۈرۈشىگە قاتنىشىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقانلىقى ھەمدە پولنىڭ غەربنىڭ مۇستەقىللىقىغە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە توختالغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بىراق، جېففېرسون يەنىلا ئىشنىڭ تەرەققىياتىنى جىمجىت كۆزىتىپ، ئەسكەرلىرىنى ئىشقا سالمايدۇ. 1806 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئۇ پوچتا باش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى گىرانجى ماساچۇسېتستىن ئەۋەتكەن خېتىدە، بولتۇر قىشتا پورزىن ۋىليام ئىتۇنغا، ۋىلكىنسوننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، غەربىي قىسىمدىكى ئىشتاتلارنىڭ ئىتتىپاقتىن بۆلۈنۈپ چىقىشتىكى جازا يۈرۈش قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. بۇ پاكىت توغرىسىدا، گىرانجى ئىتۇندىن ئىسپاتقا ئېرىشكەن بولۇپ، بۇ چاغدا ئەھۋال ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. ھۆكۈمەتنىڭ پول بىلەن ۋىلكىنسونغا تەدبىر قوللىنىشنى قارار قىلىشقا ئاز قالغان ھالقىلىق پەيتتە، ۋىلكىنسون گېنېرال نىيىتىدىن يېنىپ، ھەقىقەتكە قايتىشنى قارار قىلىدۇ ھەمدە پولنىڭ سۇيىقەستىنى ئاشكارىلايدۇ. ئۇ توماس شېمىسنى بىر خالتا مەخپىي ھۆججەتنى ئېلىپ تېزدىن

ۋاشىنگتونغا كېلىپ زۇڭتۇڭغا تاپشۇرۇپ بېرىشكە ئەۋەتىدۇ.

11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى شېمىس لېيتېنانت زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە كېلىپ، ۋىلكىنسوننىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى تاپشۇرۇپ بېرىدۇ. ۋىلكىنسون ئىتتىپاقنى پارچىلايدىغان «مەخپىي رەزىل ۋە دائىرىسى كەڭ سۇيىقەست»نى پاش قىلغان كۈنى، جېففېرسون ئىچكى كابىنېت يىغىنى ئاچىدۇ، ئۇلار زۇڭتۇڭ ئېلان قىلغان ھۆججەتنى بىردەك ماقۇللاپ، ھەرقايسى ھەربىي قىسىم ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا، بۇ پىلاننىڭ قەيەردە ئىجرا قىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر دەرھال توسۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈرىدۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن، زۇڭتۇڭ ھۆججەت تارقىتىپ، بارلىق پۇقرالارنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ بۇ سۇيىقەستنى تارمار قىلىشقا چاقىرىدۇ.

يول 1807 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە كەلگەندىلا، ۋىلكىنسوننىڭ خائىنلىق قىلغانلىقىنى بىلىدۇ، زۇڭتۇڭمۇ ھۆججەت ئېلان قىلىپ، مىسسىسسىپى ئىشتاتىنىڭ مۇۋەققەت باشلىقىنى قولغا ئېلىش بۇيرۇقى چۈشۈرىدۇ. بىر ھەپتىدىن كېيىن، يول باشقا يول قالمىغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىنى تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. يول زىھمونداقا ئېلىپ بېرىلىپ، قوشما ئىشتاتقا ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتى بىلەن سوتقا تارتىلىدۇ.

## پەرىشان ھالدا ئىستېپا بېرىش

جېففېرسون 2 ـ نۆۋەتلىك خىزمىتىنى باشلاش بىلەنلا، ياۋروپانىڭ مۇرەككەپ ۋە چىگىش ئىشلىرىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئەنگلىيە خان جەمەتىنىڭ دېڭىز ئارمىيەسى ئوچۇق دېڭىزدىكى ئامېرىكا كېمىلىرىدىكى ئەنگلىيە ئەمەلدارلىرىنى،

ھەتتا نيۇيورك پورتىنىڭ سىرتىدىكى ئامېرىكا كېمىلىرىدىكى كىشىلەرنى مەجبۇرىي ئېلىپ كەتكەندى. بۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىلىقلاردا 1798 ـ يىلىدىن بۇيانقى 1 ـ قېتىملىق دۈشمەنلىشىش كەيپىياتى كۆرۈلىدۇ.

1807 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى جېففېرسون پارلامېنتقا: «بىزنىڭ كېمىلىرىمىز، كېمە خادىملىرىمىز ۋە ماللىرىمىز ئوچۇق دېڭىز ۋە باشقا جايلاردا بارغانسېرى ياۋروپادىكى ئۇرۇشۇۋاتقان ئەللەرنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا» دەپ كۆرسىتىدۇ ھەمدە ھەرىكەت قوللىنىپ، ئېمبارگو يۈرگۈزۈپ بارلىق ئامېرىكا كېمىلىرىنىڭ ئامېرىكا پورتىدىن يىراقلىشىشنى چەكلەش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ھۆكۈمەت ياكى پارلامېنت بولسۇن، ئېمبارگونىڭ قايسى نىشانغا يەتمەكچى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىككى پالاتا قارارنى تېزلا ماقۇللايدۇ. كېڭەش پالاتاسى 22 گە قارشى ئالتە بېلەت بىلەن ئومۇمىيۈزلۈك ئېمبارگو يۈرگۈزۈشتىكى قانۇن لايىھەسىنى ماقۇللايدۇ. ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئاۋام پالاتاسى 82 گە قارشى 44 بېلەت بىلەن «ئېمبارگو يۈرگۈزۈش قانۇنى»نى ماقۇللايدۇ، ئەتىسى جېففېرسون بۇ قانۇن لايىھەسىگە ئىمزا قويىدۇ.

«ئېمبارگو يۈرگۈزۈش قانۇنى»دا: ئامېرىكا ياكى باشقا دۆلەتنىڭ كېمىلىرى چەت ئەللەرگە قاتناشقا بولمايدۇ؛ قوشما ئىشتاتتىن توشۇلغان بارلىق ئېكسپورت بۇيۇملىرى مەيلى دېڭىز يولى ياكى قۇرۇقلۇقتىن بولسۇن، مەنئى قىلىنىدۇ. ئالاھىدە بەلگىلەنگەن ئەنگلىيەنىڭ بەزى سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى ئىمپورت قىلىشقا بولمايدۇ. دەرھال كۈچكە ئىگە بولۇپ 14 ئايغىچە، چەت ئەللەردىكى ياكى چىقىپ كېتەلمىگەن ئامېرىكا كېمىلىرى پورتتا توختاش ياكى دېڭىز بويىدا سودا قىلىش مەنئى

قىلىنىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

ئېمبارگو يۈرگۈزۈلگەن بىر يىل ئىچىدە، ئامېرىكىنىڭ ئېكسپورتى 110 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا چۈشۈپ قالدۇ. بەش ئاي ئىچىدە، نيۇيورك شەھىرىدىكى 125 دۇكان ۋەيران بولدۇ، تاماكا، پاختا ۋە بۇغدايىنى ئېكسپورت قىلىشقا ئامال بولمىغانلىقتىن، باھاسى بىراقلا چۈشۈپ كېتىپ، يېزا ئاھالىلىرى پۇقرالار، ماتروس، دېھقان، ئۈششاق تىجارەتچى ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۈچرىغان زەربە تېخىمۇ ئېغىر بولدۇ.

1809 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئېمبارگو يۈرگۈزگىلى 14 ئاي بولغان بولۇپ، شىمالىي قىسمىدىكى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىدىكىلەر ئىسيان كۆتۈرىدۇ، يېڭى ئېنگلاندنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن نارازىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ئىتتىپاقتىن چېكىنىش توغرىسىدا تەھدىت سېلىپ، جېففېرسوننى قاتتىق بىئارام قىلىدۇ. پارلامېنت ئالدىراپ ـ تېنەپ ئېمبارگو يۈرگۈزۈشنى بىكار قىلىش پەرمانىنى ماقۇللايدۇ، جېففېرسون ئارقىدىنلا، يەنى 1809 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى پەرمانغا ئىمزا قويىدۇ، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئىستېپا بېرىدۇ ۋە ماندىسلوغا قايتىپ كېلىدۇ.

جېففېرسون ئەسلىدە بۇ قېتىمقى ئېمبارگو ئارقىلىق 2 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتىدىمۇ يۈكسەك شەرەپ ھاسىل قىلماقچى ئىدى. ئۇنىڭ 1 ـ نۆۋەتلىك ھۆكۈمىتى لوئىسىئانا ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە بولسا كىشىنى ئۈمىدسىزلەندۈرىدىغان دەرىجىدە مەغلۇپ بولغانىدى. جېففېرسون دۆلەتنى بۇ زىياندىن قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، نەتىجىدە ئېمبارگو دۆلەتنى 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرىلىق

سودا كىرىمىدىن مەھرۇم قىلغانىدى. ئۇ ئامېرىكىلىقلارنى چەت ئەللىكلەرنىڭ ھاقارىتىدىن قۇتۇلدۇرماقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئېمبارگو خەلقنىڭ غەزىپى ۋە ئەيىبلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. بۇنداق نەتىجە چىقىشنى، يەنى برىتانىيە ناپولېئوننىڭ سىياسىتىگە تەسىر كۆرسىتەلمەسلىكىنى ھەمدە سودا كېمىلىرىنى قوغداش رولىنى ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولۇپ، بۇ ئىش جېففېرسوننىڭ 1 ـ قېتىملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن نەتىجىسى ــــ ئىتتىپاقتىكى ئىشتاتلاردا قۇرغان مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ سىياسىي پارتىيەنى ۋەيران قىلغانىدى. نۇرغۇن ئاق كۆڭۈل كىشىلەر «ۋىرگىنىيە خاندانلىقى» بىلەن ناپولېئون خاندانلىقىنىڭ بىر ـ بىرىگە باغلانغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنى ئامېرىكىنىڭ دېڭىز قاتنىشى سانائىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەنگلىيە دېڭىز زوراۋانلىرىدىنمۇ چوڭ دۈشمەن بولۇپ، زۇڭتۇڭ مادىسون نېمە ئىش قىلالىشىدىن قەتئىينەزەر، جېففېرسوننىڭ 1807 ـ يىلىدىكى بىردەك ئىتتىپاقلىقىنىڭ قوللىشىغا زادىلا ئېرىشەلمىگەنىدى.

ئاقىلمۇ بىرەر يېرىدە كەتكۈزۈپ قويىدۇ. ئېمبارگونىڭ مەغلۇپ بولۇشى، جېففېرسوننىڭ سىياسىي ھاياتىدىكى بىر چوڭ يېڭىلىش بولۇپ قالغانىدى.

# 8. موندىسلودىكى دەرۋىش

## سىياسىيدىن يىراقلىشىش

جېففېرسون 1801 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ 3 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى بولغان. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، جېففېرسون ئەمەلدار بولۇشقا ماس كەلمەيتتى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭمۇ ئەمەلدار بولغۇسى يوق ئىدى. ئۇ كۆپ قېتىم سىياسىي ۋە ھوقۇقتىن پىنھان تۇرۇپ، ئاشۇ سۆيۈملۈك موندىسلودا تىنچ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئويلىغانىدى. ئەپسۇسكى، ھوقۇقنىڭ زىيادە مەركەزلىشىشىگە قارشى تۇرۇپ، دېموكراتىيە، كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىكنى تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن، لىبېرالىستلار ئۇنى بىر قەدەم ـ بىر قەدەمدىن ئالدىغا چىقىرىپ، رەھىمسىز سىياسىي كۈرەشنىڭ قاينىمىغا تاشلىغانىدى.

ئۇ مادىسونغا ئوخشاشلا، ھوقۇق «چىرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە» دەپ قاراپ، ھوقۇقنىڭ ھوقۇقدارنى چىرىتىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى. ئۇ دوستىغا يازغان خېتىدە: «سەن بىلەن بىز ھەمدە پارلامېنت ۋە ھەرقايسى ئىشتاتلاردىكى ئاۋام پالاتاسى، ھەتتا ئىشتات باشلىقلىرى قەبىھ بۆرىدۇر. بىزدىكى ئاددىي تەبىئىيلىك پىرىنسىپى بۇنىڭدىن ئايرىم بولسىمۇ» دەيدۇ.

جېففېرسون: «خەلقنىڭ سەۋەنلىكلىرىنىڭ زىيىنى پادىشاھ، مىنىستىر ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆزىگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش سىياسىتىدىن ئاز بولىدۇ» دەپ قارايدۇ. شەخسىي خەت ـ چەكلەردە، ئويلاپ ئولتۇرۇش ھاجەتسىز بولغانلىقتىن، ئۇ ئوچۇقلا، «ھەقىقىي ئورتاق ھۆكۈمەت تۈپلاڭنى تىنچىتقاندا، چوقۇم مېھرىبان بولۇشى كېرەككى، باستۇرۇشقا بولمايدۇ، ئانچە ـ مۇنچە تۈپىلاڭنىڭ يۈز بېرىشى ئەمەلىيەتتە ياخشى ئىش. ئۇ سىياسىي ساھەدىكى مۇقەررەر بوران ـ چاپقۇن ۋە تەبىئىي ھادىسىدۇر» دەيدۇ. خەلق ئەھۋالنى تولۇق چۈشەنمىسە، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇلاردا داۋالغۇش يۈز بېرىدۇ، بۇ پەسەنت قىلمىغاندىن ياخشى. چۈنكى، خەلقنىڭ پەسەنت قىلمىغانلىقى، جۇمھۇرىيەتنىڭ ھالاكىتىدىن دېرەك بېرىدۇ. جېففېرسوننىڭ سىياسىي پەلسەپەسى چوڭقۇر ۋە ئېنىق ھالدا «ئاللاھ ئالدىدا قەسەم قىلىمەنكى، ھەرقانداق شەكىلدىكى ئادەمنىڭ ۋىجدانىغا قارىتىلغان مۇستەبىتلىككە ئاداققىچە قارشى تۇرىمەن» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزدە گەۋدىلىنىدۇ.

ئۇنىڭ بۇ بايانلىرىدىن، جېففېرسوننىڭ كۆزقاراشلىرى گەرچە قىسمەن مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ھوقۇققا نىسبەتەن باشتىن ـ ئاخىر مېڭىسىنى سەگەك تۇتقانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

1806 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ بېشى، يەنى ئارىلىقتىكى سايلام ھارپىسىدا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسى يىغىن ئېچىپ، بەس ـ بەستە قارار ماقۇللايدۇ ھەمدە زۇڭتۇڭغا خەت يېزىپ، ئۇنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشقاندىن كېيىن ئىستېپا بەرمەسلىكىنى ئۆتۈنىدۇ. ھەرقايسى ئىشتاتتىكى پارلامېنتلارمۇ تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ توققۇز

ئىشتات ۋە بىر غەيرىي رەسمىي ئىشتات زۇڭتۇڭىدىن يەنە تۆت يىل ۋەزىپە ئۆتەشنى جىددىي تەلەپ قىلىدۇ. پولنىڭ ئىتتىپاقنى پارچىلاش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ خىلدىكى سادالار تېخىمۇ يۇقىرى ئۆرلىگەنىدى. بۇنداق سادالار ئامېرىكىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان كىرىزىسى تېخىمۇ جىددىيلەشكەندە، يەنىمۇ كۈچەيگەنىدى. ئەمما، جېففېرسون، ئۈچىنچى قېتىملىق سايلام رىقابىتىگە قاتناشمايدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈككەن بولۇپ، ئۇ، بىر زۇڭتۇڭ ئىككى نۆۋەتتىن يۇقىرى ۋەزىپە ئۆتىسە، دېموكراتىيەگە زىيان يېتىدۇ، دېگەنگە ئىشىنەتتى. 1804 ـ يىللىق سايلام رىقابىتىدىكى بېلەت ھېسابلىنىشتىن ئىلگىرى، ئۇ دوستلىرىغا 3 ـ نۆۋەتتىكى سايلام رىقابىتىگە ھەرگىز قاتناشمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

جېففېرسون 1805 ـ يىلى جون تايلېرغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ قەلبىنى ئىپادىلەپ: «مېنىڭ ئەسلىدىكى تەشەببۇسۇم، قوشما ئىشتاتنىڭ زۇڭتۇڭى يەتتە يىل ۋەزىپە ئۆتىشى، كېيىن مەڭگۈ سايلىنىش سالاھىيىتى بولماسلىق ئىدى. كېيىن يەتتە يىلنىڭ بەك ئۇزاق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم... ئەگەر ئارىلىقتا خاتا ئىش قىلىپ قويسا، تىنچلىق ئۇسۇلى ئارقىلىق قالدۇرۇش كېرەك. سەككىز يىل ۋەزىپە ئۆتەپ، دەسلەپكى تۆت يىلدا خىزمىتىدىن ئايرىلمىسا، بۇ چارە، ئۆز تەجرىبەمدىن ئېرىشكەن پرىنسىپقا يېقىنلاشقان بولىدۇ. بۇ پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، 2 ـ نۆۋەتلىك مۇددىتىم توشقان ھامان پېنسىيەگە چىقىشنى قارار قىلدىم» دېگەنىدى. ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاخىرقى بىر يىلدا، كىشىنىڭ بېشىنى قاتۇرىدىغان ئېمبارگو جېففېرسوننىڭ ئىچىنى سىقىپ، مونروسلو ئۇنى مەپتۇن قىلىۋالغانىدى.

جېففېرسوننىڭ مونروسلونى سېغىنىشىدا، يەنە باشقىلار

بىلەن بولغان مۇئامىلە سەۋەب بولغانىدى. جېففېرسون 18 ياشتىن ئىلگىرى، ۋىرگىنىيەدىن ئايرىلىپ باقمىغان بولۇپ، 20 ئائىلىلىكتىن كۆپ ئادىمى بار مەھەللىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. جېففېرسوننىڭ قارىشىچە، ئۆز ئالدىغا تېرىقچىلىق قىلىدىغان دېھقانلار، ئامېرىكىنىڭ باراۋەرلىك قارىشىنىڭ نامايەندىسى بولۇپ، ھاياتلىق، ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئىنتىلىش قاتارلىق تەڭرى بەرگەن كىشىلىك ھوقۇقنىڭ قوغدىغۇچىلىرى ۋە مۇۋاپىق ۋارىسلىرى ئىدى. ئۇ «ۋىرگىنىيە خاتىرىلىرى»دە: «ئەگەر تەڭرىنىڭ سايىلىغۇچىسى بولىدىغان بولسا، ئۇنداقتا تېرىقچىلىق قىلىدىغان ئاشۇ كىشىلەر تەڭرىنىڭ سايىلىغۇچىسى بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ قەلبى تەڭرى ئۈچۈن يارالغان بولۇپ، تەڭرى ئاپىرىدە قىلغان ئەڭ گۈزەل پەزىلەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ» دەپ يازغانىدى.

ئەكسىچە، ئۇنىڭ قارىشىچە ئاشۇ شەھەرلىكلەر، سودىگەرلەر، زېمىن سىرتىدا ماشىنىسازلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلاردىن گۈزەل ئەخلاقتىن سۆز ئېچىشقا بولمايتتى. جېففېرسون ئەينەن ھالدا: «بۇ بەزى كىشىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئۇلار چارۋىچىلارغا ئوخشاش تەڭرىگە، زېمىنغا ۋە تىرىشچانلىققا تايىنىپ ھايات كەچۈرمەستىن، بەلكى خېرىدارلارنى زىيانغا ئۇچرىتىش، خېرىدارلارنى بېقىندۇرۇش ئارقىلىق بايلىققا ئېرىشىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەخلاقنى بۇلغاش جىنايىتى بار»، «بۇنداق كىشىلەر ئەخلاقتا چۈشكۈنلەشكەن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زالىم مۇستەبىتلىكنى بەرپا قىلىشنىڭ بۆشۈكىدۇر»، «بۇ خىل پاسسىپ تايىنىۋېلىش پوزىتسىيەسى، خۇشامەتچىلىك، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە ساختا گۈزەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ھەر خىل قارا نىيەتلىك بۆشۈكى» دەيدۇ.

جېففېرسوننىڭ قارىشىچە، يۈلىنىۋېلىش شەھەرلىكلەر، سودىگەرلەر ۋە قول ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئاساسلىق ئەيىبى، مۇستەقىللىق ئامېرىكىدىكى يەككە دېھقانلارنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، بىر يەككە دېھقاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاچچىق تەر ھىدى؛ دەرەخ كەسكەن ۋە بوز يەر ئاچقاندا قالغان تۇپراقنىڭ ھىدى؛ دالىلارغا ماس كېلىدىغان شىجائەت ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، جېففېرسون پۈتۈن ھاياتىدا شاۋقۇن - سۈرەن قاپلىغان شەھەردىن ئايرىلىپ تەبىئەتكە قايتىپ، ئاددىي - ساددا ياشاشقا ئىنتىلگەنىدى.

بىر تارىخچى مۇنداق باھا بەرگەنىدى:

«جېففېرسوننىڭ ھاياتىدىكى ئۇلۇغۋار ئېتىقاد — دېموكراتىيەگە بولغان ئېتىقاد بولۇپ، بۇ ئېتىقادنىڭ ئۇنىڭدا قانداق پەيدا بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس. جېففېرسون ئامېرىكا تارىخىدا بىرىنچى بولۇپ غەربكە ۋەكىللىك قىلغان كىشىلەر بىلەن چوڭ بولىدى... جېففېرسون چېگرا رايوندىكى قوشنىلىرىنى قىزغىن سۆيەتتى. شۇڭا، ئۇلارمۇ ئۇنى چوڭقۇر سۆيىدى.»

1809 - يىلى 3 - ئايدا جېففېرسون ئاخىر ئاقساراي بىلەن خوشلىشىدۇ. ئۇ «ھوقۇقنىڭ كىشىنى»دىن ئازاد بولغاندا، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قوشنىمۇ قەپەستىن قويۇۋېتىپ، ئاشۇ قۇشنىڭ پەرۋاز قىلىشىغا قاراپ قالىدۇ. جېففېرسون ھاياجانلانغان ھالدا ئۆز - ئۆزىگە: ئاخىر ئەركىنلىككە ئېرىشتىم، ئۆيگە قايتسام بولغۇدەك، دەپ پىچىرلاپ.

قايتىشقا ئالدىرىغان جېففېرسون ھاۋانىڭ ئېچىلىشىنى كۈتمەستىن تەقەززالىق ئىلىكىدە قار - شىۋىرغانغا قارىماي ئۆيگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. يول كاتاڭ بولۇپ، پەيتۇن پات - پاتلا ئورەككە پېتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا جېففېرسون ساقلىماستىن

پەيتۇندىن چۇشىدۇ ــ دە، ئالدىغا قاراپ ماڭىدۇ. ئۇ ئاتقا مىنىپ قار ــ شىۋىرغاندا سەككىز سائەت يول يۈرىدۇ. ئۇ بۇ قېتىم رەسمىي قايتىپ كەلگەن بولۇپ، 1794 ــ يىلى هامىلتون بىلەن بولغان كۈرەش سەۋەبىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولغىنى بىلەن تامامەن ئوخشىمايتتى. ئۇ بۇ قېتىم خۇشال ــ خۇرام، رازىمەنلىك بىلەن قايتقان بولۇپ، «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرنى تاپىدۇ» دېگەن سۆز ئىشقا ئاشقاندى.

يۇرتىدىكى پۇقرالار جېففېرسوننىڭ ۋەزىپىسىدىن بوشىنىپ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىپ، مەخسۇس قارشى ئېلىش نۇتۇقى تەييارلىغاندى. ئۇ يۇرتىدىكى خەلقنىڭ قارشى ئېلىش نۇتۇقىنىڭ سەمىمىي، تەسىرلىك بولغانلىقىنى هېس قىلىدۇ. يۇرتىغا قايتىپ ئىككى هەپتىدىن كېيىن، 66 ياشلىق جېففېرسون چوڭقۇر هېسسىيات بىلەن: «قەدىرلىك قېرىنداشلار، يارۇ بۇرادەرلەر، قىزغىن قارشى ئالغىنىڭلاردىن، قەلبىم چەكسىز خۇشاللىققا تولدى. خىزمەتتىكى هەشەمەت، قالايمىقانچىلىق، ئالدىراشلىق ۋە داغدۇغا كىشىنى تىنچ تۇرمۇشتىن مەهرۇم قىلىدىكەن. سىلەر بىلەن بىللە بولسام چەكسىز خۇشاللىققا چۆمۈلىدىغانلىقىمنى بىلىمەن. ئىشىنىمەنكى، قوشنىلىرىم ۋە دوستلىرىم ئائىلە شادلىقىدىن ئەركىن بەهرىمەن بولىدۇ. بۇ خىل شادلىق هەربىر كىشىگە، هەربىر دەقىقىدە بەختىنىڭ تەمىنى هېس قىلدۇرىدۇ. مۇشۇلارنى دەپ، ئۆز رازىلىقىم بىلەن هوقۇقتىن يىراقلاشتىم» دەپ جاۋاب يازىدۇ.

ئەڭ ئىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ۋاشىنگتون ياراتقان ئىككى نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەش ئەندىزىسى، جېففېرسوندا يەنە بىر قېتىم مۇئەييەنلەشكەندىن كېيىن ئامېرىكىدا قائىدىگە ئايلىنىپ قالغاندى. 2 ــ دۇنيا ئۇرۇشىغا كەلگەندە، ئۇرۇشنىڭ ئېهتىياجى تۈپەيلىدىن فرانكلىن تۆت نۆۋەت ۋەزىپە ئۆتەپ، بۇ

قائىدىنى بۇزغان بولسىمۇ، ئاخىر قاتتىق چارچاپ كېتىپ خىزمەت ئۈستىدە كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى. 1957 ـ يىلى ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ 22 ـ ماددىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھەسىنى ماقۇللاپ، زۇڭتۇڭ پەقەت بىرلا نۆۋەت سايلىنىش (جەمئىي ئىككى نۆۋەت)نى رەسمىي بەلگىلىدى. بۇ نۇقتىدا، جېففېرسون يەنىلا تۆھپىكار ھېسابلىنىدۇ.

## زېرىكىشلىك ئاخىرقى ئۆمۈر

جېففېرسون موندىسلوغا تەقەززالىق ئىچىدە قايتىپ كەلگەندە، ئۇنى كۈتۈپ تۇرغىنى تىنچ ۋە بەختلىك كۈنلەر بولماستىن، ئەكسىچە پۇتمەس ـ تۈگمەس قايغۇ ـ ھەسرەت بولدى. ياشانغان بۇ ئادەم تاغ ئۈستىگە چىقىپ، ئەتراپقا قارىغاندا، قەلبىنى غۇرۇر ۋە ئىپتىخار چۇلغىغان بولسىمۇ، ئەمما سوغۇق، تەنھالىق، قېرىلىق ئارىسىدا تۇرۇپ، ئالدىدىكى يولنىڭ تېخىمۇ قىيىن ئىكەنلىكىنى بايقىغانىدى.

جېففېرسون زۇڭتۇڭ بولغان مەزگىلدە، پات ـ پات كېلىپ تۇرىدىغان مۇسىبەت خەۋىرىدىن ئازابلانغانىدى. ئۇنىڭ پېشقەدەم دوستى سام ئادامس، ئادمون پېندىلتون، سىتفىس مىسسون ۋە مان پېچ قاتارلىق «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»گە ئىمزا قويغۇچىلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېتىپ قالغانىدى.

مارى جېففېرسون ئىككىنچى بولۇپ قاتارغا قوشۇلغان بالىسى بولۇپ، ئانىسىغا بەكمۇ ئوخشايتتى، كىشىلەر ئۇنىڭ تۇرقىنى ئىنتايىن سۆيۈملۈك دەپ قارىسا، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنى پولى دەپ ئاتايتتى. ئۇلار، مارىنىڭ ھايات دەرىخىنىڭ ئاللىبۇرۇن قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. 1804 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن سائەت سەككىزدە، 25 ياشلىق

مارىنىڭ يۈرىكى نەپەستىن توختاپ، ئانىسىنىڭ كەينىدىن كېتىپ قالغانىدى. غايەت زور ئازاب جېففېرسونغا يەنە بىر قېتىم يوپۇرۇلۇپ كېلىدۇ ۋە ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە گەپ قىلالمايدۇ. ياشانغانلار ياشلارنى ئۇزىتىدىغان بۇ خىل ئازاب ئۇزاققىچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى چىرمىۋالىدۇ. ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ، كىشىلەر بىلەن ئارىلاشماس بولۇپ قالىدۇ.

ياشانغان جېففېرسون قەرزى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ. 1795 ـ يىلى جېففېرسوننىڭ قەرزى 7500 فوندستېرلىڭدىن ئېشىپ كەتكەن بولۇپ، شۇ يىلىمۇ يەنە 1000 ستېرلىڭ ئاشقانىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ناھايىتى مەيۈسلىنىدۇ. 2 ـ نۆۋەتلىك ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇش ھارپىسىدا، ئۇ 8000 ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئېلىپ، خىزمىتىدىن ئايرىلغان چاغدىكى ۋاشىنگتوندىن قالغان قەرزنى تۆگەتكەنىدى. 1815 ـ يىلى، يەنە پارلامېنت كۇتۇپخانىسى 1812 ـ يىلىدىكى ئۇرۇشتا ئەنگلىيە ئارمىيەسى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزى مىڭ جاپادا يىغقان 6000 پارچىدىن ئارتۇق كىتابنى 2395 ئامېرىكا دوللىرىغا سېتىپ بەرگەنىدى، بۇ، تالاشتۇرۇپ سېتىش باھاسىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيتتى. ئۇ كىتاب ساتقان پۇلنى ۋىلىيام شوت بىلەن چېدكوس كوسكوسكىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇشقا ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ پۇل تېزلا تۈگەپ قالغانىدى.

ۋەھالەنكى، جېففېرسون كىتاب جازىسىنىڭ قۇرۇقدىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ «مەندە كىتاب بولمىسا بولمايدۇ» دەپ قاراپ، ئۆزى مۇشكۈل ئەھۋالدا تۇرسىمۇ يەنە كىتاب سېتىۋېلىشقا باشلايدۇ. 1816 — 1817 ـ يىلى بىر يىل ئىچىدىلا، جېففېرسون 480 ئامېرىكا دوللىرىلىق كىتاب سېتىۋالىدۇ.

بىر يىلنىڭ تۆت پەسلى، مونتىسلو قاينام ـ تاشقىنلىقتا چۆمەتتى، يوقلاپ كەلگەنلەر ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرى بۇ يەردە

كۆنلەپ، ھەپتىلەپ، ھەتتا ئايلاپ تۇرۇپ قالاتتى. بۇ كۆتۈۋېلىش خىراجىتى شۈبھىسىزكى، جېففېرسوننىڭ قەرزىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. كېلىپ - كېتىدىغانلار كۆپ بولغانلىقتىن، جېففېرسون يۇپۇرا ئورمانلىقىدىكى ئېكىنزارلىقتا يەنە بىر يۇرۇش ئۆي سېلىپ، مەخسۇس يوقلاپ كەلگۈچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا ئىشلىتىدۇ. نەۋرىسى جېففېرسون روندولپ دادىسى بىلەن چوڭ دادىسىنىڭ ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، دادىسىنى ئەچشىل ئېكىنزارلىقىغا تاماكا تېرىش، بىر قىسىم قۇللىرىنى سېتىۋېتىش تەكلىپىنى بېرىدۇ. جېففېرسون بىلەن راندولپ بۇ تەكلىپتىن «قاتتىق ھەيران» قالىدۇ. ئاخىرىدا، راندولپقا تەئەللۇق ئەچشىل بىلەن ۋارىنا ئېكىنزارلىقىنىمۇ سېتىۋېتىدۇ. جېففېرسون ئۆز قۇللىرىنى سېتىۋېتىشنى ھەرگىز خالىمايدۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدىمۇ، قورۇقىدىكى قۇللارنىڭ بىرنىمۇ قول بازىرىغا ئاپارمايدۇ.

جېففېرسون 1820 - يىلى ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان ماريا كوسۋغا يازغان خېتىدە، ئۆزىنىڭ «موندىسلونىڭ قورۇقىنىڭ غوجايىنى» ئىكەنلىكىنى، ھېلىقى ئازابلىق ئىشتىن سىرت، ئۆزىنىڭ خۇشال - خۇرام ياشاۋاتقانلىقىنى ئېيتىدۇ. ئەمما بۇ خىل خۇشاللىق ئۇنى چارچاتقانىدى.

ئۇ پېنسىيەگە چىققان دەسلەپتە، دوستلىرى ئۇنىڭ ئەسلىمە يېزىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق، ئۇ قايتا - قايتا رەت قىلىپ: «مەن قىلىشنى ئەڭ خالىمايدىغان ئىش ئۆزۈمنىڭ مۇنارىنى تىكلەش» دەيدۇ. بۇ نۇقتا ئادامسقا ئوخشايتتى، ئادامس ئۆزىنى يېزىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى يوق دەپ قاراپ: «مەن ئۆز نەزەرىمدە ساختا شەرەپ پەسخىكسىغا ئىگە بالا، مەن بۇ ئوبرازنى قوبۇل قىلالمايمەن» دەيدۇ.

جېففېرسون ئاخىر 77 ياشقا كىرگەندىلا تەرجىمىھالىنى يېزىشنى باشلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىنى سۆزلەشنى ياقتۇرمايتتى، شۇڭا، تەرجىمىھالىنى 60 بەت يېزىپلا، يەنى 1789 ـ يىلىدىكى پارىژ بىلەن خوشلاشقان ۋاقىتقا كەلگەندە، يېزىشنى خالىماي: «مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى سۆزلەشتىن بىزار» دەيدۇ.

1823 ـ يىلى ئىككىنچى كۈيۈئوغلى جون ئەيىپروسنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى، جېففېرسوننى قاتتىق ئازابلايدۇ.

ئازاب ئوتىدا پۇچۇلانغان جېففېرسون چەكسىز سېغىنىش ھېسسىياتىنى كۆز يېشىغا سىڭدۇرۇۋەتكەندى.

## ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇش

جېففېرسون مائارىپنىڭ ئىنسانلارنى بەختكە باشلايدىغان مۇقەررەر يول ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنەتتى. ئۇ مائارىپنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي ئىقتىدارىغا ئىشىنىپ، مائارىپنى راۋاجلاندۇرغاندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ 1818 ـ يىلى «مائارىپتىن باشقا يەنە قانداق نەرسە بىزنى يەرلىك قوشنىمىزدىن (ئىندىيانلارنى دېمەكچى) ئۆتۈپ كەتكۈزەلەيدۇ؟»، «ئەگەر ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشى، بىز ئۇمىد قىلغاندەك ۋە ئىشەنگەندەك قەدەممۇقەدەم ياخشىلىنىدىغان بولسا، مائارىپ مۇشۇ مەقسەتكە يېتىشتىكى ئاساسىي ۋاستە بولۇشى كېرەك» دەپ يازغانىدى.

جېففېرسون يەنە مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تونۇپ يەتكەنىدى. 1822 ـ يىلى ئۇ بىر پارچە خېتىدە : «نەرسە بېرىپ تەسىرلەندۈرۈش بىلەن مائارىپنى

ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇشنى ياخشىلاش، ئەخلاقىنى يېتىلدۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ بەختلىك بولۇشىدا تايىنىشقا تېگىشلىك ۋاستە دەپ قاراش كېرەك. شۇنداقلا مەن نۆۋەتتە مائارىپنىڭ پايدىسىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئېقىمى جەريانىغا كېڭەيتىشنى ئۈمىد قىلىمەن؛ بۇنىڭدىن ئىنسانلار بەختلىك غايەت زور ئۆسۈشنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھەتتا بۇ ئۆسۈش چەكسىز بولىدۇ» دەپ يازىدۇ.

شۇ دەۋردىكى ئامېرىكىدا ھېچكىم جېففېرسوندەك مائارىپقا ئەھمىيەت بەرمىگەن، مائارىپنىڭ زور ئىقتىدارىنى ئۇنىڭدەك ھېس قىلمىغانىدى.

چەت ئەللەرنىڭ مائارىپقا ئالاقىدار ئەسەرلىرىدىن پايدىلىنىپ دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى مائارىپ مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەلىم ئالغاندىن كېيىن، 1817 - يىلى 75 ياشلىق بۇ ئۇلۇغ ئادەم ئۇنىۋېرسىتېت قۇرۇش ئىشىنى رەسمىي باشلىۋېتىدۇ. ئۇ پۈتۈن زېھنى بىلەن ئەتراپلىق ھالدا مائارىپ پىلانى تۈزۈپ چىقىدۇ. بۇ پىلاندا، ئۇ مائارىپ تۈزۈمىنى دەسلەپكى، تولۇق ۋە ئالىي مەكتەپ مائارىپى دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلگەنىدى.

جېففېرسون بۇ پىلاننى ۋىرگىنىيە پارلامېنتىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، رەت قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ، مائارىپنى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، جېففېرسون قىلچىمۇ بوشىشىپ قالمايدۇ، بەلكى كۈچىنى ئالىي مەكتەپ ئېچىشقا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

1819 - يىلى 1 - ئايدا ئىشتات پارلامېنتى ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇشقا رەسمىي ھوقۇق بېرىپ، جېففېرسوننى مەكتەپنىڭ پەخرىي ئىلمىي مۇدىرلىقىغا تەيىنلەيدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ، جېففېرسون پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە كىرىشىپ كېتىدۇ.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئالتە يىل ئىچىدە، ئۇ ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى ئۈچۈن ياشىغانىدى. ئۇ مەكتەپ قۇرۇشقا ئائىت خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ. مەكتەپنىڭ ياتاق بىناسى خەرىتىسىنى لايىھەلەشتە، ئۇ كەلگۈسىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت بىرەر كورپۇس بىنا بولماستىن، بەلكى بىر كەنت بولۇشى، نۇرغۇن بىنالىرى، پىروفېسسور، دەرس ئۆتىدىغان سىنىپ ۋە ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيى، ھەتتا ئوقۇغۇچىلار ياتىقى بولۇشى؛ ئۆيلەرنىڭ ئارىسىدا كارىدور بولۇشى كېرەك، دەپ قارايتتى. ئۇ تۇنجى ئوقۇتۇش بىناسىنى سالدۇرۇش بىلەن مەبلەغ توپلاش ئۈچۈن ئىئانە توپلاش فوندى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرىدۇ.

جېففېرسون ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ لايىھەلىگۈچىسى بولۇپ قالماستىن، يەنە بىناكارلىق ھۆددىگىرى بولۇپ، قۇرۇلۇشنى نازارەت قىلىدۇ ھەمدە ئىتالىيەگە تاش ئويما ئۇستىسىنى تەكلىپ قىلىشقا ئادەم ئەۋەتىدۇ. جېففېرسون ھەتتا مەكتەپ قۇرۇش خىراجىتى ئۈچۈن ھەر تەرەپكە قاتراپ كاللا قاتۇرىدۇ. لېكىن، دېيىشكە ئوڭاي بولغان بىلەن، پارلامېنت بەرگەن پۇل ھېچنېمىگە دال بولمايتتى. شۇڭا، ئۇ پارلامېنتتىن يەنە 20 ھەسسە پۇل كۆپەيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

جېففېرسون مەكتەپ قۇرۇش ئۈچۈن بىھېساب بەدەل تۆلەپلا قالماستىن، مەكتەپنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىدۇ. جېففېرسوننىڭ ئاچماقچى بولغىنى «بارلىق پەنلەر ئۆتۈلىدىغان مەكتەپ بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ كاللىسى قوبۇل قىلالايدىغان ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتكۈزۈش»تىن ئىبارەت ئىدى. ئۇ يەرلىك بىر دەرىجە بىلەنلا چەكلىنىدىغان مەكتەپ ئېچىشنى خالىمايتتى.

قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقاندا، جېففېرسون يەنە ئۇنى

كەلگۈسىدە ئىشتاتتىكى تېخىمۇ چوڭ مائارىپ سىستېمىسى قىلىپ چىقىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا، جېففېرسون جورجى دىكېنناغا، ئۆزىنىڭ «ئۆز يۇرتىدا تولۇق مائارىپ سىستېمىسى بەرپا قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقى»نى ئېيتىدۇ.

جېففېرسون ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كەچۈرمىشلەردىن، پىروفېسسورنىڭ بىلىم سەۋىيەسىنىڭ ئالىي مەكتەپنى باشقۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ تونۇپ يەتكەندى. شۇڭا، ئۇ پىروفېسسورلارنى تاللاشتىن ئىبارەت مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. پىروفېسسور تەكلىپ قىلىش بىر قىيىن ئىش ئىدى. چۈنكى، ئەينى ۋاقىتتا ئامېرىكىدا ئالىي مەكتەپلەر ناھايىتى ئاز بولۇپ، مەشھۇر پىروفېسسورلار تېخىمۇ ئاز ئىدى. ئۇ ياۋروپادىن پىروفېسسور تەكلىپ قىلماي تۇرالمايدۇ، ئۇ ئامېرىكىلىق ئالىم فرانسىس ۋوك جىلمونى ئەنگلىيەنىڭ ئېدىنبۇرگ قاتارلىق ئالىي مەكتەپلىرىگە ئەۋەتىپ، بىرىنچى قاتاردىكى ئالىملارنى تاللاپ ئامېرىكىغا ئەكېلىدۇ. جىمول شارلوزۋىلغا يېقىن جايدا تۇرىدىغان بىر ياش ئادۋوكات ئىدى. جېففېرسوننىڭ قارىشىچە، ئۇ ۋىرگىنىيەدىكى زاماندائىلىرى ئىچىدە ئەڭ ياخشى تەربىيە كۆرگەن كىشى ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ ئەنگلىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئارقىلىق پىروفېسسور تەكلىپ قىلغانىدى.

جېففېرسون ئاخىرقى كۈنلەردە ھەرقايسى سىنىپلارنىڭ دەرس سېتكىسى، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەرىكەت مىزانى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەت پىرىنسىپى، ئىمتىھان ئېلىش تەلىپى ۋە ئۇنىۋان بېرىش ھەمدە باشقا ھەر خىل تەپسىلاتلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. ئاندىن ئۇ بۇلارنى مۇپەتتىش كومىتېتىنىڭ تەستىقلىشىغا يوللايدۇ. بىر ئاساسىي

بەلگىلىمىدە: «ھەربىر ئوقۇغۇچى ئىنستىتۇت دەرسلىرىنى ئەركىن تاللاشقا بولىدۇ، ھەتتا ئۆزى تاللايدۇ» دېگەن بىر ماددا بار ئىدى. جېففېرسوننىڭ ئالىي مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى لايىھەلىشى، شۈبھىسىزكى ئامېرىكا مائارىپى تارىخىدىكى بىر مۇھىم نەتىجە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ پىلانىدىكى دەرسلىكلەر ھازىرقى زامان ۋە قەدىمكى زامان تىلى، ماتېماتىكا، ھەربىي ئىشلار، دېڭىز ئارمىيەسى، بىناكارلىق، مېخانىزم، ئوپتىكا ئىلمى، ئاسترونومىيە، گاز جىسىم كۈچى ئىلمى، جۇغراپىيە، ئاناتومىيە، فىزىكا، خىمىيە، مىنېرالوگىيە، پەلسەپە، تەبىئەت، تارىخ، قانۇن، ئەدەبىيات ۋە گۈزەل سەنئەت قاتارلىقلار ئىدى. كومىتېت ھەربىر ئىنستىتۇت ئوقۇتۇلىدىغان دەرسلەر ھەمدە ھەربىر پىروفېسسور ئۆتىدىغان دەرسلەرنى بېكىتكەنىدى. كومىتېتنىڭ «ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش پىرىنسىپلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش مەسئۇلىيىتى» بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا قايتا - قايتا ئۇ ئىدىيەلەرنى سىڭدۈرۈش بەلگىلەنگەنىدى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە «مەزكۇر ئىشتاتنىڭ ئاساسىي قانۇنى بىلەن ئامېرىكا ئاساسىي قانۇنىنىڭ ھەقىقىي پىرىنسىپىغا زىت ئىدىيەلەر بولسا بىردەك سۆزلىمەسلىك» بەلگىلەنگەنىدى. شۇڭا، كومىتېت قانۇنشۇناسلىق ئىنستىتۇتىغا ھۆكۈمەتنىڭ باشقۇرۇش پىرىنسىپى ۋە سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنى سۆزلەشنى بېكىتكەن بولۇپ، جېففېرسوننىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن يەنە كونكرېت ئوقۇشلۇقلارنى بەلگىلىگەنىدى.

1824 - يىلى 5 - ئايدا، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى 10 يىللىق تەييارلىق خىزمىتى ئىشلەپ رەسمىي ئوقۇش باشلايدۇ. 218 نەپەر ئوقۇغۇچىنى سىغدۇرالايدىغان 10 چېدىر شەكىللىك ئۆي ۋە 109 ياتىقى بار ھەشەمەتسىز مەكتەپتە، تەخمىنەن 30 ئوقۇغۇچى ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىدۇ. ئۇ چاغدا،

كۇتۇپخانا بىناسىنىڭ ئىچىنى زىننەتلەش تېخى ئاخىرلاشمىغان بولۇپ، بىر ئوقۇتۇش بىناسى كۇتۇپخانا قىلىنىدۇ. ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئاخىر جېففېرسوننىڭ كۆڭۈل قويۇپ لايىھەلىشى بىلەن، ئۇنتۇلغۇسىز بىر كۈننى باشلايدۇ.

ئامېرىكا تارىخىدا، تېخى ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوخشاش بۇنداق بىلىم يۇرتى بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ تەسىرى بەك چوڭقۇر بولغانىدى. دۇنيادا، بىرەر ئالىي مەكتەپنىڭ قۇرغۇچىسى 75 يېشىدا ئىش باشلىمىغان بولۇشى مۇمكىن.

## كۆكتىن چۈشكەن يۇلتۇزلار

جېففېرسون ئامېرىكىنىڭ ئۇلۇغ زوڭتۇڭلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بىلىملىك ۋە ئەڭ بىلىمخۇمار كىشىدۇر. ئۇ ئۆز ھېسسىياتىنى ھەممىدىن بەك كونترول قىلالايدىغان ئادەم. ئۇنىڭ قىزى ماشا دادىسىنىڭ ھاياتىدا ئىككى قېتىم ئاچچىقلانغانلىقىنى كۆرگەنلىكى سۆزلەنگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ ناھايىتى ئىشىنىدىغان بىر قۇل ئىككى قېتىم ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى ئاڭلىماي ھارۋىغا قاتىدىغان ئاتنى ئىشلەتكەندە؛ يەنە بىر قېتىم، جېففېرسون بىلەن قىزى كېمىگە چىققاندا بولۇپ، ئىككىيلەن ئورۇشۇپ كېمىنى ئىغاڭلىتىۋېتىدۇ. ماشا ئەينى ۋاقىتتا دادىسىنىڭ ئاچچىقىدا «شىرغا ئوخشاپ قالغانلىقى»نى، قاتتىق ئاۋاز بىلەن ئىككىيلەنگە قاراپ: «كېمىنى ياخشى ھەيدىمىسەڭلار، سىلەرنى سۇغا تاشلىۋېتىمەن» دەپ ۋارقىرىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

جېففېرسوننىڭ ئىدىيەسى باشقا مۇتەپەككۇرلارغا ئوخشاشلا، ئىنسانپەرۋەرلىك بىلەن تولغانىدى. ئۇ ئۆلۈم جازاسىنى كەلسە ـ كەلمەس ئىشلىتىش، ئەسىرلەرنى خارلاشقا قارشى تۇرۇپ،

قۇللارنى قويۇۋېتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇرۇشقا تېخىمۇ قارشى تۇراتتى. ئۇنىڭ: «بىزنىڭ ئەڭ سۆيىدىغىنىمىز تىنچلىق» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى، ئۇنىڭ تەشەببۇسىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ: «كىشىنىڭ تۇرمۇشى ۋە بەختىگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئىنسانىيەتنى خانىۋەيران قىلماسلىق — ياخشى ھۆكۈمەتنىڭ بىردىنبىر نىشانى» دەيدۇ. ئۇ ئاشكارا ھالدا: «ئەڭ ئاز باشقۇرغان ھۆكۈمەت ئەڭ ياخشى ھۆكۈمەتتۇر»، «جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەركىنلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان كۆپ سانلىق كىشىلەر»، «خەلقنى ئىگىلىك تىكلەشكە چاقىرىپ، باشتا ياخشىچاق، ئاخىرىدا زالىملىق قىلىدۇ» دېگەنىدى.

جېففېرسون دۆلەت قۇرغۇچىلار ئىچىدە ئەڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە ئۆزىنىڭ ھۆرمەت ئوبيېكتى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇ يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ رىم پادىشاھى ئۆلۈم ئالدىدا ئېيتقاندەك، «مەن ئىلاھقا ئايلىنىۋاتقاندەك قىلىۋاتىمەن» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. بىراق، ئۇ ئۆزى بىلەن زاماندىشلىرىنى ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلاھى قىلىۋالغۇسى يوق ئىدى. ئۇ: «دۇنيانىڭ مەڭگۈ تىرىكلەرگە مەنسۇپ بولۇشى»نى، دۇنيانىڭ ئۇزۇكسىز ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىمەن، دېگەنىدى.

جېففېرسون ھەربىر شەيئىنىڭ كەينىدە بىر سايىسى بولىدۇ. دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقىقەتەن جېففېرسوننىڭ قالغان ھاياتىدا ئىپادىلەنگەنىدى. جېففېرسوندەك بىر مەزگىل دەۋر سۈرگەن ئەربابنىڭمۇ ئاخىرقى ئۆمرىنى غۇربەتچىلىك ۋە غەم - ئەندىشە ئىچىدە ئۆتكۈزۈشنى ھېچكىم ئويلىمىغانىدى.

جېففېرسون ھاياتىدا ساخاۋەتلىك ئىش قىلىپ، قەرزنىڭ دەستىدىن قەلەندەر بولۇپ كېتىشتىنمۇ باش تارتمىغانىدى.

ئۇنىڭدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى چۇنچيۇ دەۋرىدىكى تۆت بەگزادىنىڭ ئىستىلى ئاززاق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە سېخىيلىقى ئوخشىمايتتى. ئۇ زۇڭتۇڭ بولغان تۇنجى يىلى، 32634 ئامېرىكا دوللىرىنى ئىشلىتىۋەتكەن بولۇپ، ئىش ھەققى 25000 ئامېرىكا دوللىرى ئىدى. قايسىبىر يىلى ئۇنىڭ تاماكا سېتىپ تاپقان پۇلى 3000 ئامېرىكا دوللار بولۇپ، يەنە 4000 ئامېرىكا دوللىرى ئارقىلىق زىياننى تولدۇرغانىدى. بىراق، ئۇ پۇلنى ساخاۋەتكە خەجلىگەن بولۇپ، 1801 ـ يىلى 1000 ئامېرىكا دوللىرى، 1802 ـ يىلى 1588 ئامېرىكا دوللىرى بولغانىدى. جېففېرسون سەككىز يىللىق ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى توشۇپ ئاقسارايدىن چىققاندا، قاتمۇقات قەرزگە بوغۇلغانىدى.

جېففېرسون پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، ئائىلە ئىقتىسادى بارغانسېرى ناچارلىشىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى: ئائىلە جان سانى كۆپ بولۇپ، جېففېرسون نەچچە يۈز نوپۇس ۋە تۇغقانلىرىنى ھەمدە بىر توپ نەۋرە ـ چەۋرىلىرىنى باقاتتى. ئىخىمۇ مۇھىمى، جېففېرسون ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئىقتىسادىنىڭ ناچارلىقىغا قارىماي، ئاددىي ـ ساددا كۈن ئۆتكۈزسىمۇ، دوستلىرىغا سېخىي ئىدى. مەسىلەن، مۇشكۇللۇك ئىچىدە قالغان بىرەر قوشنىسىنى كۆرسە، ئارىيەت بېرىش ئۇسۇلى بىلەن قۇتقۇزۇۋالاتتى. جېففېرسوننىڭ مېھمانلىرى ۋە ئۇنى زىيارەت قىلغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىگەنلىكتىن، خىراجەتتە كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمايتتى. دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كىرىمى ئاران باج بىلەن ئۆسۈمگە يېتەتتى. شۇڭا، قەرز بىلەن نامراتلىق خۇددى ئالۋاستىدەك جېففېرسونغا ئارام بەرمىگەنىدى. ئەمما ئۇ، باشقىلارنىڭ ئۆزىنى پىخسىق، ئىچى تار دېيىشىنى خالىمىغانلىقتىن، ئامىمۋى ئىشلار ۋە دوستلىرىغا يەنىلا كەڭ قوللۇق قىلىدۇ.

1817 ـ يىلى ئۇ مەركىزىي ئىنىستىتۇتقا سېخىيلىق بىلەن 1000 ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلىدۇ، ئەمما بىر يىلدىن كېيىن، سودىگەردىن 100 ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئېلىپ، لەنلىك تېغىمدىكى لوكمۇش ئېغىزىغا بېرىپ، ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئورنىنى تەۋسىيە قىلىدىغان كومىتېت يىغىنىغا قاتنىشىدۇ.

جېففېرسون 80 ياشقا كىرىشتىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى، ئائىلىسى بويىچە بىر كىرىم ـ چىقىم جەدۋىلى چىقىرىدۇ. بۇ ھېسابات جەدۋىلىدە: 1823 ـ يىلى ئۇنىڭ قەرزىنىڭ 40262 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكى، ئۆسۈمنىڭلا 2121 ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەنلىكى يېزىلغانىدى.

قەرز ئىگىسى قەرز سۈيلەشكە باشلايدۇ. 1826 ـ يىلى جېففېرسون ئۆزىنىڭ تاپقان ـ تەرگىنىدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى، سۆيۈملۈك موندىسلونى ئەمدى تۇتۇپ تۇرالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ نەۋرىسى توماس جېففېرسون راندولپقا، ۋىرگىنىيە ئەدلىيە دائىرىلىرى ئارقىلىق بىر قېتىملىق مۇكاپات چېكى تارتىش پائالىيىتىنى تەشكىللەيدۇ. ۋەھالەنكى، جېففېرسوننىڭ لاتارىيە بېلىتى سېتىش ئارقىلىق مەبلەغ توپلاپ قەرز تۆلىمەكچى بولغانلىق خەۋىرى شىمالغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىشىلەر ئۆزلۈكىدىن ئىئانە توپلاشقا كىرىشىدۇ. بىرقانچە ئىشتات ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشۇنداق پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىشىلەر ياردەم قوللىرىنى سۇنۇپ، تۇرغان جايلاردا ئىئانە توپلاش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ. نيۇيورك شەھىرىدىكى ئاھالىلەر 8500 ئامېرىكا دوللىرى، فىلادېلفىيەلىكلەر 5000 ئامېرىكا دوللىرى، بالدىمالىقلار 3000 ئامېرىكا دوللىرى ئىئانە قىلىدۇ، باشقا شەھەرلەردىمۇ بەس ـ

بەستە ياردەم بېرىدۇ. ئۆز خەلقلىرىنىڭ بۇ ھەققانىي ھەرىكىتى، بۇ بوۋاينى چوڭقۇر ھاياجانغا سالىدۇ. ئۇ: «بۇ ساپ قەلبنى ئىپادىلىگەنلىك» دېگەنىدى.

بۇنداق ئەھۋالدا، جېففېرسون لاتارىيە بېلىتى سېتىش پىلانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئاخىرقى ئىككى ئايدا، جېففېرسون: مونتىسلو ۋە قۇللارنى ساقلاپ قالالايدىغان بولدۇم، دەپ تەسەللى تاپىدۇ.

بۇ مەزگىلدە، جېففېرسوننىڭ سالامەتلىكىمۇ خۇددى ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا ئوخشاش بارغانسېرى ناچارلاشماقتا ئىدى.

1826 ـ يىلى 3 ـ ئايدا، ئۇ ئۆز كۆنىنىڭ ئۇزاق قالمىغانلىقىنى بىلىپ ۋەسىيەت قالدۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

1826 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، جېففېرسون «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» ئىمزالانغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلەش باغىقى تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ چاغدا جېففېرسوننىڭ سالامەتلىكى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، يەنە كېلىپ ئىچى سۈرۈپ تالا ـ تۈزگىمۇ چىقالمايتتى. 6 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى جېففېرسون ۋاشىنگتوندىكى گىراژدانلارغا خەت يېزىپ، ئۇلارنىڭ تەكلىپ قىلغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىدۇ ھەمدە سالامەتلىكى سەۋەبىدىن «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نىڭ 50 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشالمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئۆز قولى بىلەن يازغان ئەڭ ئاخىرقى خېتى بولۇپ قالىدۇ.

1926 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» تۈزۈلگەنلىكىنىڭ 150 يىللىقى، جېففېرسون ۋاپات بولغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى بولۇپ، مونتىسلونى

ۋىرگىنىيە ئاياللىرى مەبلەغ چىقىرىپ سېتىۋېلىپ، مەملىكەتلىك قوغدىلىدىغان مۇقەددەس جاي قىلىدۇ ھەمدە سەنئەتكارلار ۋە رېمونتچى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ رېمونت قىلىپ زىننەتلىشى ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە سانسىزلىغان تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ قەلبىدىكى «دېموكراتىيە مەككىسى» بولۇپ قالغانىدى.

مونتىسلو ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدىكى جېففېرسوننىڭ ئۈمىدۋارلىق، ئەقىللىق، تەمكىنلىك ۋە گۈزەللىكىنىڭ ئوبرازى ئىدى.

مونتىسلودىكى ئايىغى ئۈزۈلمەس زىيارەتچىلەر ئىختىيارسىز ھالدا مونتىسلو قەبرىستانلىقىغا كېلىپ، بۇ يەردىكى جېففېرسوننى سېغىنىش ئىلكىدە ئەسلىشىدۇ. ئۇ خوتۇنى بىلەن مەڭگۈ ئايرىلماسقا ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. قەبرىنىڭ ئالدىغا مەرھۇم ھايات ۋاقتىدا لايىھەلىگەن قەبرە تېشى قويۇلغان، قەبرە تېشىغا ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزى يازغان تۆۋەندىكى قەبرە تەزكىرىسى ئويۇلغان بولۇپ، كېيىنكىلەرنىڭ ئەستە تۇتۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى:

توماس جېففېرسون:

ئامېرىكىنىڭ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى تۈزگەن ئادەم؛

«ۋىرگىنىيە دىنىي ئەركىنلىك پەرمانى»نى يازغۇچى؛

ۋىرگىنىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتىسى بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىندى.

图书在版编目(CIP)数据

杰斐逊：维吾尔文 / 张昱琨编；吾斯曼·卡吾里译. — 乌鲁木齐：新疆文化出版社，新疆电子音像出版社，2016.4
（世界巨人传记丛书）
ISBN 978-7-5469-8340-0

Ⅰ. ①杰… Ⅱ. ①张… ②吾… Ⅲ. ①杰斐逊，T.（1743~1826）-传记-维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. ①K837.127=41

中国版本图书馆CIP数据核字(2016)第063355号

**策　　划**　艾尔肯·伊布拉音·湃达
**责任编辑**　迪丽努尔·阿布都热合曼
**美术编辑**　奥敢书业
**责任复审**　吐尔洪·吐尼牙孜
**责任决审**　亚森·吾不力哈斯木
**责任印制**　刘伟煜

丛 书 名　世界巨人传记丛书
书　　名　杰斐逊（维吾尔文）
编　　者　张昱琨
译　　者　吾斯曼·卡吾里
　　　　　热依汗古丽·尼亚孜
出　　版　新疆文化出版社
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号（邮编 830026）
制　　版　新疆奥敢图书发行有限公司
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新华印刷厂
开　　本　880mm×1230mm　1/32
印　　张　5.25
版　　次　2016年4月第1版
印　　次　2016年7月第1次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-8340-0
定　　价　20.00元